## بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

بىلمىگەننى بىلقۇتتىن بىل!

# خاسىيەتلىك گۈل

# 神花

Hasiyatlik gul



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن




# خاسىيەتلىك گۈل

# 神花

# Hasiyatlik gul

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە، ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئىللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

# خاسىيەتلىك گۈل

# 神花

Hasiyatlik gul




شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

新疆电子音像出版社

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊，伊尔夏提（书法家），伊利亚尔（画家）
　　　　　马合木提江（画家）
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978-7-900511-10-2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - مومىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنى تەربىيىلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالىلارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ بالىلارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۆچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى» — چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


سىرلىق ۋەقەلەر ...... 1

سىرلىق چىراغ ...... 4

خىسلەتلىك گۈل ...... 39

خىسلەتلىك توقماق ...... 46

خاسىيەتلىك ئالما ...... 51

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سىرلىق ۋەقەلەر

سىرلىق ۋەقەلەر ئادەمنى قورقۇنچقا سېلىش بىلەن بىللە، ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار سىرلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەرنى ئاڭلاشنى بەك ياقتۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە سىرلىق ۋەقەلەر، مول تەسەۋ- ۋۇرلارغا تولغان چۆچەكلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار خەلقى- مىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى دۇنيا ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى مول تە- سەۋۋۇرى ۋە گۈزەل ئارزۇلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. شۇ- نىڭ ئۈچۈن سىرلىق چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى بالىلارنىڭ كۆڭلى- دە مەڭگۈ سىر پېتى قالىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ يېتىلىشىگە كۆر- سىتىدىغان ئىجابىي تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولماي- دۇ.



مۇھتەرەم بوۋاي كىچىك چېغىدىن باشلاپ بوۋا - مو- مىلىرىنىڭ ئاغزىدىن نۇر- غۇن سىرلىق چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان ۋە بالىلىق تەسەۋ- ۋۇرىنى قاناتلاندۇرغان ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دى. ئۇ يالغۇز قالغانلىرىدا ئادەم ۋە ئالەم توغرىلىق ئاجايىپ گۈ-زەل تەسەۋۋۇرلارغا بېرىلەتتى، تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇراتتى. ئۇ-نىڭ كېيىنكى كۈنلەردە شۇنچە قىيىن شارائىتتىمۇ ئۈتەك قىز-غىنلىق بىلەن ئوقۇشقا بېرىلىشىمۇ، سىرلىق چۆچەكلەر بەخش ئەتكەن گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مۆھ-تەرەم بوۋاي سىرلىق چۆچەكلەرنىڭ مانا بۇ ئالاھىدىلىكىنى ياخ-شى بىلگەچكە، بۇ قېتىم بىلقۇتجانغا سىرلىق چۆچەكلەردىن كۆپرەك ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى چاقنىتىشنى، ئى-لىم - پەنگە بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

— بوۋا، بۈگۈن ماڭا قانداق چۆچەك ئېيتىپ بېرىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى بۈگۈن مەكتەپتىن خۇشال هالدا قايتىپ كەلگەن بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا سورىغان بۇ سوئالىدىن ئازراق مەڭدەپ قالدى - دە، تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ:

— بالام، سەن قانداق چۆچەكنى بەكرەك ياقتۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى.

بىلقۇتجان بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بوۋا، مەن مول تەسەۋۋۇرلارغا، گۈزەل ئارزۇلارغا تويۇن-غان، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلايدىغان، ئىزدىنىشكە رىغبەت-لەندۈرىدىغان چۆچەكلەرنى بەكرەك ياقتۇرىمەن، — دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي نەۋرىسىنىڭ بۇ قەدەر تاپقۇرلۇقىغا قايىل بولۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە:

— ھەي ئەقىلسىز قوزام! سەن نېمانداق كۆڭلۈمدىكىنى ئىـ-
چىمگە كىرىپ چىققاندەك بىلىۋالدىغانسەن. مەن ساڭا بەك قايىل
بولدۇم جۇمۇ! — دېدى ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ.
بىلقۇتجان ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي:
— بوۋا، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ مەن قانداق قىلىپ ئىـ-
چىڭىزدىكىنى تېپىۋالدىم؟ — دېدى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.
— ئىچىمدىكىنى راستتىنلا بىلىۋالدىڭ! — دېدى مۆھتەرەم
بوۋاي ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ، — راستتىنلا بىلىۋالدىڭ! مەن سا-
ڭا سېھىرلىك چۈچەكلەردىن ئېيتىپ بېرىشنى نىيەت قىلىپ
تۇرغاندىم. سەن دەل مۇشۇنداق چۈچەكلەرنى ئاڭلاشنى ياخشى
كۆرىدىكەنسەن ئەمەسمۇ!
بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ گېپىنى ئەمدى چۈشەندى-دە،
چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى.
— ۋاي بوۋا، مەن تېخى نېمە بولدىكىن دەپتىمەن. شۇ ئىش-
مىدى...
— ئۇنداقتا سىرلىق چۈچەكلەرنى ياخشى كۆرەمسەن؟
— ياخشى كۆرىمەن.
— ئېيتىپ بېرەيمۇ؟
— ماقۇل، جان دەپ ئاڭلايمەن!

uyghurkitap.com



# سىرلىق چىراغ

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم بىر شەھەردە ھەسەن ئىسىملىك بىر كەمبەغەل تىكىمچى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئالاھىددىن ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئالاھىددىن ئون ياشقا كىرگەندە، دادىسى: بالامۇ ماڭا ئوخشاش تىكىمچى بولسۇن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا كىيىم تىكىشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئالاھىددىننىڭ بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنگۈسى كەلمەپتۇ. دادىسى دۇكاندىن چىقىشى بىلەنلا ئالاھىددىن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ بالىلار بىلەن ئوينايدىكەن، دادىسى ئالاھىددىنغا نەسىھەت قىلىپمۇ كۆرۈپتۇ، تىللاپمۇ، جازالاپمۇ بېقىپتۇ. لېكىن ئالاھىددىن ئويۇنچىلىقىدىن قالماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەسەن تىكىمچى كېسەل بىلەن دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى يىپ ئېگىرىپ سېتىپ ئۇنى بېقىشقا باشلاپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپتۇ. ئالاھىددىن ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ.



كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالاھىددىن كوچىدا بالىلار بىلەن ئويناپ يۈرسە، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۇچىسىغا يىپەكتىن

كىيىم كىيگەن، بېشىغا سۈتتەك ئاق سەللە ئورىغان بىر ئادەم كەپتۇ. ئۇ ئادەم ئالاھىددىنغا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ «مېنىڭ ئىزدەپ يۈرگىنىم دەل مۇشۇ بالا ئىكەن. ئاخىرى تېپىۋالدىم» دەپتۇ ئىچىدە.

بۇ مەغرىبتە تۇرىدىغان كىشى ئىكەن، ئۇ ئالاھىددىننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سەن تىكىمچى ھەسەننىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە مەن، لېكىن دادام ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى، — دەپتۇ ئالاھىددىن.

مەغرىبتىن كەلگەن ئادەم بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا ئالاھىد- دىننى قۇچاقلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ.

— مەن سېنىڭ داداڭنىڭ ئىنىسى بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئۇزۇندىن بېرى چەت ئەللەردە بولۇپ ھەسەن ئاكامنى كۆر- گىنىم يوق. سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئاكامنى كۆرگىلى كەلگەن ئى- دىم. بىراق، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سېنى بىر كۆرۈپلا تونۇپ قال- دىم. چۈنكى، سەن داداڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسەن.



شۇ گەپتىن كېيىن مەغرىبتىن كەلگەن ئادەم ئالاھىددىننىڭ قولىغا ئىك- كى ئالتۇن تەڭگە تۇتقۇزۇپ- تۇ - دە:

— مۇنۇ پۇلنى ئاناڭغا

uyghurkitap.com



بەر. «دادامنىڭ ئىنىسى كەپتۇ، ئۇ ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولغىلى كېلىدۇ» دېگىن، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كېلىپ ئانىسىغا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سەن نېمىشقا مېنى گالۋاڭ قىلىسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى، — داداڭنىڭ ئىنىسى يوق ئىدىغۇ؟ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ساڭا ئۇنداق تاغا نەدىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ؟

— سەن ماڭا «تاغاڭ يوق» دەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋارقىراپ، — مانا، ئۇ ماڭا ئىككى ئالتۇن تەڭگە بەردى، ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولغىلى كېلىدۇ!

ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ئەتىسى ياخشى تاماق تەييارلاپتۇ. ئالاھىددىن بولسا ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆيدىن چىقماي تاغىد- سىنى كۈتۈپتۇ. كەچقۇرۇنلۇقى بىرسى كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپ- تۇ، ئالاھىددىن يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. ئالدىدا مەغرىبتىن كەلگەن كىشى، ئۇنىڭ كەينىدە ھەر تۈرلۈك تاتلىق تەملىك يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈۋالغان مالىيى تۇرغۇدەك. مەغرىب- تىن كەلگەن كىشى ئۆيگە كىرىپ، ئالاھىددىننىڭ ئانىسى بىلەن تىنچلىق سورىشىپتۇ. ئان- دىن:

— ئاكامنىڭ تاماق يەي- دىغان ۋاقتىدا ئولتۇرىدىغان جايىنى كۆرسىتىپ بېرىش- لىرىنى سورايمەن، — دەپ-



تۇ.

— مانا، مۇشۇ يەر ئىدى، — دەپتۇ ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى. مەغرىبلىق كىشى ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن توختاپ، ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسىغا:

— سىز ئىلگىرى كۆرمىگەن ئادەمغۇ بۇ، دەپ ئەجەبلەنمەڭ، مەن بۇ يەردىن بۇندىن قىرىق يىل ئىلگىرى چىقىپ كەتكەن ئىدىم. ھىندىستاندا، ئەرەب ئەللىرىدە بولدۇم. ئاخىرىدا تۇغۇلغان يېرىمگە قايتىپ كېلىپ ئۆز - ئۆزۈمگە: «سېنىڭمۇ ئاكاڭ بار، بەلكىم كەمبەغەلدۇر. سەن شۇ كۇنگىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىدىڭ، ئۇنداق قىلما، ئاكاڭنىڭ قېشىغا بار، ئۇنىڭ ھال - ئۇقتى قانداقراقكىن، ھالىدىن خەۋەر ئالغىن، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن» دېدىم. شۇنداق قىلىپ مەن كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاخىرى سىلەرنى تاپتىم. ئاكام ئۆلگىنى بىلەن ئىزىنى باسىدىغان چوپچوك ئوغلىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا خويمۇ ياخشى بوپتىغۇ، — دەپتۇ ئالاھىددىنىنىڭ ئانىسى، — بۇ ئەخمەق بالىدەك ئىش ياقماس ھۇرۇننى مەن ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن. سىز ھېچبولمىسا بالىنى ئانىغا يار - يۆلەك بولۇشقا كۆندۈرۈپ بەرسىڭىز بولاتتى.



— غەم قىلماڭ، — دەپتۇ مەغرىبتىن كەلگەن كىشى، — ئەتە بىز ئالاھىددىن بىلەن ئىككىمىز بازار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



غا بارىمىز. ئۇنىڭغا مەن چىرايلىق كىيىم ئېلىپ بېرىمەن ـ دە، بىرەر سودىگەرگە شاگىرتلىققا بېرىمەن. سودا ئىشىنى ئۆگەنىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا دۇكان ئېچىپ بېرىمەن. ئۇ بېيىپ كېتىدۇ. ئالاھىددىن، سودىگەر بولغۇڭ كېلەمدۇ؟

ئالاھىددىن قىن ـ قىنىغا پاتماي سەكرەپتۇ. چىرايى خۇشاللىقتىن ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ، «ماقۇل» دەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ.

مەغرىبتىن كەلگەن كىشى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئالاھىددىن تاڭنىڭ تېزرەك يورۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تاغىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. مەغرىبتىن كەلگەن كىشىمۇ ھايال قالماي يېتىپ كەپتۇ. ئاۋال ئۇ ئالاھىددىننى مۇنچىغا ئاپىرىپ ئوبدان يۇيۇندۇرۇپ چېچىنى ئالدۇرۇپتۇ. ئاندىن قەنت سالغان يېمىش سۈيىنى ئىچكۈزۈپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ.

مەغرىبتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىننى ئەگەشتۈرۈپ بىر دۇكانغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردىن ئالاھىددىنغا ئەڭ چىرايلىق، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى — سېرىق، يېشىل يوللۇق بەقەسەم چاپان، قىزىل دوپپا ۋە پاشىنىلىق ئۆتۈك تاللاپ ئېلىپ بېرىپتۇ. مەغرىبتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىننى



ئەگەشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قىلىن جاڭگالغا قاراپ مې-ڭىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىكەن. ئالاھىددىن-نىڭ قورسىقى ئېچىپ، ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ بۇنى ئېيتىشقا ئىزا تارتىپ ھېچ نېمە دېمەستىن مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىرى چىدىيالماي:

— تاغا، بىز قاچان تاماق يەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ تاغىسى-دىن، — بۇ ئەتراپتا ھېچبىر دۇكان يوق. سەنمۇ شەھەردىن ھېچ-نەرسە ئېلىپ چىقماپسەن، قولۇڭدا قۇرۇق قاپتىن باشقا ھېچ-نەرسە كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سەن ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ ئېگىز تاغنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دەپتۇ مەغرىبتىن كەلگەن كىشى، — مېنىڭ شۇ تاغنىڭ ئېتە-كىگە بارغاندا دەم ئېلىپ، تاماق يېگۈم كېلىۋىدى. لېكىن سېنىڭ قورسىقىڭ بەك ئاچقان بولسا، مۇشۇ يەردە تاماق يەۋالساقمۇ بو-لىدۇ.

ئالاھىددىن بۇ سۆزگە ئەجەبلىنىپ:

— سەن ئۇ تاماقنى نەدىن ئالىسەن؟ — دەپتۇ.

— بۇنى ھازىرلا كۆرىسەن، — دەپتۇ مەغرىبتىن كەلگەن كىشى.



ئۇلار بۇك - باراقسان ئېگىز بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا مەغ-رىبتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىنغا:

www.uyghurkitap.com



— ھازىر سىنىڭ قانداق تاماق يېگۈڭ كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ھەر كۈنى چۈشتە كەندىر يېغى بىلەن پۇرچاق پىشۇرۇپ بېرىدىكەن. قورسىقى تازا ئاچقان ئالا-ھىددىن ئويلاپ تۇرماستىنلا:

— ماڭا ياغدا پىشۇرغان پۇرچاق بەرگىن، — دەپتۇ.

— خوش! سىنىڭ قورۇغان چۆجە گۆشى يېگۈڭ كەلمەمدۇ؟ — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى.

— يېگۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ ئالاھىددىن تاقەتسىزلىنىپ.

— پولۇ يېگۈڭ كەلمەمدۇ؟ — دەپتۇ مەغرىبتىن كەلگەن كىشى.

— پاھ! كەلمەمدىغان، قانداق؟ — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋارقىراپ، — ھەممىسىنى يېگۈم كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەدىن ئالىسەن تاغا؟

— دەل مۇشۇ قاپنىڭ ئىچىدىن، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى قاپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ.

ئالاھىددىن ھەيران بولۇپ قاپنىڭ ئىچىگە ئېڭىشىپ قاراپ-تۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنەرسە كۆرمەپتۇ.



— ھېلىقى قورۇغان چۆجە گۆشى نەدە؟ — دەپتۇ.

— مانا، — دەپتۇ مەغ-رىبلىق كىشى قاپنىڭ ئى-چىگە قولىنى سىلىپ، ئۇ بىر تاۋاق چۆجە گۆشىنىڭ

قوردىقىنى ئاپتۇ، — مۇنۇ پولۇ، پۇرچاق، مانا ماۋۇ ئانار، مانا ئالما...

مەغرىبلىق كىشى قاپتىن خىلمۇ خىل تائاملارنى چىقىرىپ-تۇ. ئالاھىددىننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، سېھىرلىك قاپقا تىكى-لىپ قاراپلا قاپتۇ.

— يە، — دەپتۇ مەغرىبتىن كەلگەن كىشى ئالاھىددىنغا، — بۇ قاپتا ھەممە تائام بار، ئۇنىڭغا قولۇڭنى تەگكۈزۈپ، نېمىنى يېگۈم بار دېسەڭ، شۇ تەييار بولىدۇ.

— بۇ نېمىدېگەن كارامەت، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — مېنىڭ ئانامدىمۇ مۇشۇنداق قاپ بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!

— ئەگەر مېنىڭ ئېيتقىنىمنى قىلىدىغان بولساڭ، — دەپ-تۇ مەغرىبلىق كىشى، — ساڭا بىر قانچە تۇرلۇك قىممەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىمەن. ھازىر بۇ ئانار سۈيىنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇرۇۋال. ئاندىن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى.

— نەگە بارىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئالاھىددىن، — ھېرىپ قالدىم، كەچمۇ كىرىپ قالدى، ئۆيگە قايتساق.

— ياق، — دەپتۇ مەغرىبلىق كىشى، — بىز بۇگۇن ئاۋۇ كۆرۈنگەن تاغقا بارىمىز. يېتىپ بېرىپلا مەن ساڭا بۇ خاسىيەتلىك قاپنى سوۋغا قىلىمەن.



ئالاھىددىننىڭ ماڭغۇ-سى كەلمەپتۇ. لېكىن مەغ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رىبلىك كىشى چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئىلاجسىز تاغقا قاراپ قەدەم تاشلاپتۇ.

كۈن ئولتۇرۇپ گۈگۈم چۈشكەندە ئۇلار تاغ باغرىغا يېتىپ كەپتۇ. ئالاھىددىندا ماغدۇر دېگەن نەرسە قالماپتۇ.

— چاۋار تېرىپ كەلگىن، — دەپتۇ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك مەغرىبلىك كىشى، — ئوت يېقىپ ساڭا بىر كارامەت كۆرسىتىمەن.

ئالاھىددىن كارامەتنى كۆرۈشكە ئالدىراپتۇ. ئۇ ھارغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ چاۋار تېرىشكە باشلاپتۇ. مەغرىبلىق كىشى ئوت ياققاندىن كېيىن، قوينىدىن بىر قۇتا ياپىلاق ياغاچنى ئاپتۇ.

— ھوي ئالاھىددىن، — دەپتۇ ئۇ، — مەن سېنى بايلىققا كۆمۈۋېتىمەن، شۇڭا مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلا.

ئۇ، ئۇۋاق بىر نېمىنى قۇتىدىن ئېلىپ ئوتقا ساپتۇ. يالقۇن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن:

— ئالاھىددىن تىڭشاپ تۇرغىن، مەن ئوتقا قاراپ دەم سالىمەن. دەمنى تۈگىتىشىم بىلەنلا يەر يېرىلىدۇ، شۇ چاغدا مىس قۇلاقلىق بىر تاش كۆرۈنىدۇ. سەن قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاشنى كۆتۈرىسەن. تاش ئاستىدىن پەلەمپەي كۆرۈنىدۇ. شۇ پەلەمپەي بىلەن تۆۋەنگە چۈش، بىر ئاز



ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئىشىك كۆرۈنىدۇ، ئىشىكنى ئېچىپ مې-
ڭىۋەرسەڭ قورقۇنچلۇق ياۋايى ھايۋانلارغا ئۇچرايسەن، ئۇلاردىن
قورقماي، قولۇڭنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ قويساڭ ھەممىسى ئۆلى-
دۇ. ئۇندىن كېيىن ئۈچ ئۆيدىن ئۆتىسەن، تۆتىنچى ئۆيگە كىر-
گەندە بىر مايمۇن بار. ئۇ ساڭا سىلىق سۆز قىلىپ سېنى قۇچاق-
لىماقچى بولىدۇ. ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتما، ئەگەر
سەن ئۇنىڭغا سۇۋۇشۇپلا كەتسەڭ، قارا تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن.
تۆتىنچى ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر چوڭ باغنى كۆرىسەن، باغدىن
ئۆتكەندە بىر يوغان ئىشىك كۆرۈنىدۇ. ئىشىكنى ئېچىپ ئۆي ئى-
چىگە كىرسەڭ ئېسىل، قىممەتلىك تاشلار كۆزۈڭنى چاقىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن خالىغانچە ئېلىپ، ماڭا ئۆينىڭ سول بولۇڭىدىكى تامغا
ئېسىقلىق تۇرغان مىس چىراغنى ئالغاچ چىق. چىققاندىن كېيىن
مەن ساڭا بۇ خاسىيەتلىك قاپنى بېرىمەن. مۇنۇ ئۈزۈكنى چىمچى-
لىقىڭغا سېلىۋال، ئۇ سېنى ھەر بالادىن ساقلايدۇ، — دەپ ئالا-
ھىددىنىڭ قولىغا كىچىككىنە بىر تال ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇپ-
تۇ.
— ھەي تاغا، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — ئۇ يەرگە نېمىشقا
ئۆزۈڭ چۈشمەيسەن؟



— يەر ئاستىدىكى ئۇ
دۇنيالار، — دەپ چۈشەندۈ-
رۈپتۇ مەغرىبلىق كىشى،
— پەقەت ھەسەن تىككۈچى-
نىڭ ئالاھىددىن ئاتلىق

ئوغلىغىلا مەنسۇپ بولۇپ پەيدا بولغان. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈشكە ھەقلىق ئەمەس. كىمدە - كىم ئۇنىڭغا قول تەگكۈزىدىكەن، ئۇنىڭغا ياخشى ئاقىۋەت يوق.

ئالاھىددىن ماقۇل بوپتۇ. مەغرىبلىق كىشى ئوتقا دەم ساپتۇ. ئاسمانغا يالقۇنمۇ كۆتۈرۈلۈپتۇ. دېگەندەك يەر يېرىلىپتۇ. ئالاھىددىن كۆرۈنگەن تاشنىڭ مىس قۇلۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈرگەن ئىدىكەن، پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. ئالاھىددىن بىر قورقۇپ، بىر قورقماي پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئالدىغا ماڭاي دەپ تۇرسا، ئالدىنى يوغان بىر قارا ئىشىك توسۇۋېتۇ. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشى بىلەن بىر يولۋاس ئەركىلەپ كەپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا قولىنى تەگكۈزگەن ئىكەن، يولۋاس شۇ ھامان جان بېرىپتۇ.

ئالاھىددىن قورقۇپ كېتىپتۇ. لېكىن غەيرەت قىلىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئىككىنچى ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قاپتۇ. شۇنداق قارىسا، ئالدىدا ئاغزىنى ئېچىپ يوغان بىر قاپلان تۇرغىدەك، ئۇ مەغرىبلىق كىشىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، قاپلاننى بىر سىلىغان ئىكەن، ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ. ئالاھىددىن ئۈچىنچى ئىشىككە بېرىپتۇ، ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاجايىپ يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.



شۇنداق قارىسا، ناخشا ئېيتىپ ئىككى ئەجدىھا بالىسى كېلىۋات- قۇدەك. ئالاھىددىن ئۇلارنىمۇ سىلاپتىكەن، شۇ يەردىلا جان بې- رىپتۇ.

ئالاھىددىن تۆتىنچى ئىشىككە كېلىپ، ئىشىكنى ئاستا ئې- چىپ قارىسا، بېشىغا يېپىنچا ئارتىۋالغان بىر مايمۇن تۇرغۇدەك، ئۇ ئالاھىددىننى كۆرۈپلا:

— جېنىم بالام، ئالاھىددىن، ئاخىرى يېتىپ كەپسەن. سېنى مەن بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۈتكەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ. مايمۇن ئالاھىددىننىڭ كۆزىگە ئۆز ئانىسىدەكلا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ «ئانى- سى»نى قۇچاقلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا غايىبتىن:

«ئۇنى قۇچاقلىساڭ قارا تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئالاھىددىن كەينىگە داجىپتۇ. ئۇ بۇ ئۆيدىن ئۆتۈپ بەشىنچى ئىشىكنى ئېچىپ قاراپتىكەن، چىرايلىق گۈللەر ئۆسكەن باغ كۆزىنىڭ يېغىنى يەپتۇ. باغدىكى قۇشلار ئۇنى مەھ- لىيا قىپتۇ، ئالاھىددىن زوقىغا قانغاندىن كېيىن، ئېسىل تاشلارنى تېرىشكە باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇ بالىلار بىلەن تاش ئېتى- شىپ ئويناشنى ياخشى كۆ- رىدىكەن. ئۇ يانچۇقىغا لىق تاش تولدۇرۇپ، مىس چىراغنى ئېلىپ كەلگەن يېرى بىلەن مېڭىپ يېرىل- غان يەردىن يەر ئۈستىگە



www.uyghurkitap.com



چىقىش ئۇچۇن مەغرىبلىق كىشىنى چاقىرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا:

— قولۇمنى تارتىۋال، — دەپ مۇراجىئەت قىپتۇ.

مەغرىبلىق كىشى ئالدى بىلەن چىراغنى ئېلىپ ئاندىن ئالاھىددىننى قولىدىن تارتىۋالماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ يامان نىيەتىنى سەزگەن ئالاھىددىن چىراغنى بەرمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەغرىبلىق كىشى ئۇنى «يەر يۇتتى» قىلىۋېتىش ئۇچۇن ئوتقا سېھىرلىك تالقاننى چېچىپ دەم سالغان ئىكەن، يەر جۇپلىشىپ ئالاھىددىن يەر ئاستىدا قاپتۇ.

بۇ مەغرىبلىق كىشى ئالاھىددىننىڭ تاغىسى بولماستىن، بىر ھىيلىگەر جادۇگەر ئىكەن. ئۇ كۆمۈكلۈك خەزىنىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى ئېچىش پەقەت ئالاھىددىن ئىسىملىك بىر بالىنىڭلا قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى دەم سېلىپ بىلىۋالغان ئىكەن. خەزىنىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق مىس چىراغ بولۇپ، بۇ چىراغنى قولغا چۈشۈرگەن كىشىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى، بايلىقى تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى جادۇگەر ئوبدان بىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، جادۇگەر چىراغنى قولغا چۈشۈرەي دېگەندە، ئەقىللىق ئالاھىددىنمۇ بوش كەلمەپتۇ. مەغرىبلىق كىشى مۇددىئاسىغا يېتەلمەي، ئالاھىددىننى يەر ئاستىدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. ئالاھىددىن زار ـ زار يىغلاپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇ يەر ئاستىدىن چىقىشنىڭ



ئامالىنى قىلىش ئۈچۈن تولا ئويلاپ بېشى ئاغرىپتۇ. ئالاھىددىن ئاغرىقنى بېسىش ئۈچۈن بېشىنى تۇتقان ئىكەن، چىمچىلىقىدىكى ئۈزۈك بېشىغا تېگىشى بىلەن يەر تىترەپ، ئالدىدا بىر جىن پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بېشى گۈمبەزدەك، قولى سۇۋادان تېرەكتەك، پۇتى تاغدەك، ئاغزى ئۆڭكۈردەك، ئىككى كۆزى دوزاختەك، ماڭلىيىدا قىرىق گەز قىلىچتەك بىر مۆڭگۈزى بار ئىكەن.

— نېمە تەلىپىڭ بار ئىدى؟ — دەپتۇ جىن ئالاھىددىنغا سۈرلۈك ۋارقىراپ، — نېمە تىلىسەڭ شۇنى تەييار قىلىمەن، جىنلارنىڭ كاتتىسى دەمنەش بولىمەن، لېكىن، مەن ئۈزۈكنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قۇلىمەن.

— مېنى يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قوي، — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئويغانسا يەر ئۈستىدە تۇرغۇدەك، ئۇ خۇشال بولۇپ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈرەپتۇ. ئالاھىددىن ئىشىكتىن كىرىپ ئاچلىقتا ھالىدىن كەتكەن ئانىسىنى كۆرۈپ يۈرەك-باغرى ئېزىلىپتۇ. ئانىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئانىسى كۆزىنى ئېچىپلا:



— تاغاڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ تاغام ئەمەسكەن، جادۇگەر ئىكەن، — دەپتۇ ئالاھىددىن ۋە ئانىسىغا كۆرگەن كەچمىشىنى

uyghurkitap.com



سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالاھىددىن بىرەر نەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزى سىرتقا مېڭىپتۇ. ئانىسى چىراغنى تازىلاپ، سۈرتۈپ سېتىپ پۇلىغا نان ئېلىش خىيالىدا ئۇنىڭغا مازنى تەگكۈزگەن ئىكەن، يەر - جاھان گۈلدۈرلەپ، ئۆيگە سۈرلۈك بىر جىن پەيدا بولۇپتۇ. موماي قورققىنىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى باينىڭ ئېتىزىدىن دان تېرىۋاتقان ئالاھىددىن ئانىسىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرسە، ئانىسى يەردە بىھوش ياتقان، ئۇنىڭ يېنىدا كۆمتۈرۈلگەن چىراغ يېتىپتۇ. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېگىزلىكىدىن بېشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان، ھەتتا كۈنىمۇ توسۇۋېلىپ كۆرگىلى قويمايدىغان ناھايىتى يوغان بىر جىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئالاھىددىن چىراغنى يەردىن ئېلىشى بىلەن جىن گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن:

— ھەي، چىراغ ئىگىسى، مەن ساڭا خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن، تەلپىڭنى ئېيت، نېمىگە ھاجەت بولساڭ شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئالاھىددىن «جىن» دېگەن نېمىنى كۆپ كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمەپتۇ.



ئۇ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جىن ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە توۋلاپ:

— ھەي جىن، سەن

ئۆزۈڭ كىمسەن؟ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن شەمھۇرنىڭ مايمۇنى بولىمەن، مەن چىراغنىڭ ۋە چىراغ ئىگىسىنىڭ قۇلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ جىن، — سەن نېمە خالىساڭ مەندىن شۇنى سورا. بۇ شەھەرنى خانىۋەيران قىلىشنى، يا بولمىسا ئۇردا سېلىپ بېرىشىمنى بۇيرۇق قىلساڭ-مۇ ئەمرىڭنى ئورۇنلايمەن.

جىن سۆزلىگەن ۋاقىتدا ئالاھىددىننىڭ ئانىسى ھوشىغا كېلىپ قاپتۇ. لېكىن جىننى كۆرۈش بىلەن جان - پېنى چىقىپ ۋاقىراپتۇ. ئالاھىددىن قولىنى ئاغزىغا كانايچە تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ماڭا قورۇلغان ئىككى توخۇ گۆشى بىلەن يەنە باشقا ياخشىراق تائاملاردىن بىر نەچچە قاچا تەييارلاپ بېرىپ بۇ يەردىن چاپسانراق يوقال، بولمىسا ئانامنىڭ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتىدۇ، — دەپ توۋلاپتۇ.

جىن كۆزدىن غايىب بوپتۇ - دە، ھايال ئۆتمەي ئۈستىگە چىرايلىق داستىخان يېپىلغان شىرەنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. شىرە ئۈستىدە ئىككى ئالتۇن تاۋاق، تاۋاقلاردا لىقمۇ لىق لەززەتلىك تائاملار، ئىككى چۆگۈن سۈت بار ئىكەن. ئالاھىددىن ئانىسى بىلەن تويغىچە تائام يەپتۇ.



— ھەي ئانا، — دەپتۇ ئالاھىددىن تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، — مۇنۇ چىراغنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ساقلاش كېرەك.

uyghurkitap.com



چۈنكى ئۇ بىزنى بەخت ـ سائادەتكە، دۆلەتكە ئىگە قىلىدۇ.

— نېمە قىلساڭ قىل بالام، ئەمما مەن ئىككىنچى ئاۋۇ تەرى سوغۇق جىنىنى كۆرمەي، — دەپتۇ ئانىسى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ئالاھىددىن بىلەن ئانىسىنىڭ يەيدىغىنى تۈگەپتۇ. ئالاھىددىن ھېلىقى ئالتۇن تاۋاقتىن بىرنى بازارغا ئاپىرىپ يۈز تىللاغا سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئېسىل نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىمۇ بىلىۋاپتۇ. ھېلىقى يەر تېگىدىكى باغدىن يىغىۋالغان تاشلارنىڭ باھاسى يەر يۈزىدە بار بولغان ھەر قانداق تاشلارنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋاپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئالاھىددىن بازاردا يۈرسە، سۇلتاننىڭ خەۋەرچىسى مەيدانغا كېلىپ:

— ھەممىڭ دۇكانلىرىڭنى تاقاش! ئۆيلىرىڭگە كىتىش! دېرىزىدىن ياكى ئىشىكتىن مارىغۇچى بولمىسۇن، سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىم ھاممامغا بارىدۇ، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

سودىگەرلەر ئالمان ـ تالمان دۇكانلىرىنى تاقاشقا، قالغانلار بولسا بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، بازاردىن تارقىلىشقا باشلاپتۇ.



ئالاھىددىن سۇلتاننىڭ قىزىنى كۆرۈشكە قاتتىق خۇمار بوپتۇ. چۈنكى، شەھەر ئەھلى «پۈتۈن دۇنيادا پادىشاھنىڭ قىزىدەك چىرايلىق قىز يوق» دېيىد-

شىدىكەن. ئالاھىددىن قويۇندەك بېرىپ ھاممامنىڭ ئىشكى ئار-قىسىغا مۆكۈنۇۋاپتۇ. ئۇنى ھېچكىم سەزمەپتۇ.

بىر ۋاقىتتا، ئالتۇن ئېگەر توقۇلغان كۆك قېچىرغا مىنگەن بىر توپ قىزلار كۆرۈنۈپتۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىن باشقا قىزلارغا قارىغاندا چىرايلىق ياسانغان بىر ئاي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ سۇلتاننىڭ قىزى بۇدىرە خېنىم ئىكەن. ئۇ قېچىردىن چۈشۈپ ئالاھىددىننىڭ يېنىدىن ئىككى چامدام كەلگۈدەك يەردىن ئۆتۈپ، ھاممامغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئالاھىددىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ - دە، قايتىپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن - جامالى كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇنى بەك بىئارام قىپتۇ.

— دۇنيادىكى قىزلارنىڭ پىرىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنمە-سەم، ئۆلگىنىم ياخشى، — دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە ئالاھىددىن.

ئۆيگە كېلىپ ئالاھىددىن كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ - دە، يېرىم كۈنچە دۈم يېتىپ ھەسرەتكە غەرق بوپتۇ. ئانىسى ئۇ-نىڭ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئالاھىددىن:

— جېنىم ئانا، مەن سۇلتاننىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قال-دىم. سەن سۇلتاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ قىزغا ئېغىز ئېچىپ باق-ساڭ، — دەپتۇ.



— ساراڭ بولۇپ قال-دىڭمۇ، بالام، — دەپتۇ مو-ماي ھەيران بولغان ھالدا، — تىككۈچىنىڭ ئوغلىغا سۇل-تان قىز بېرىپتۇ، دېگەننى

ئاڭلىغانمىدىڭ بۇ دۇنيادا!! خام خىيالنى قىلماي، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئۇخلا.

— تاماق يېگۇم كەلمەيدۇ، قىز بالا دېگەن بىر كۆۋرۈك، ئۇ-نىڭدىن ئاتلىقمۇ، پىيادىمۇ ئۆتىدۇ، جېنىم ئانا، سۇلتانىنىڭ ئۆ-يىگە بېرىپ كۆر، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئالاھىددىن. ئانا ئىلاجسىز بېرىشقا كۆنۈپتۇ.

— بارسام باراي، — دەپتۇ موماي، — لېكىن قۇرۇق قول بېرىشقا بولمايدۇ.

خوشاللىقىنى يۈرىكىگە سىغدۇرالمىغان ئالاھىددىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ھېلىقى ئالتۇن تاۋاقتا مەن يەر ئاستىدىكى باغدىن ئېلىپ كەلگەن ئېسىل تاشلاردىن تولدۇر. بۇلار سۇلتانىنىڭ خەزىنىسىدە يوق بەلكىم، — دەپتۇ.

ئانىسى ئوغلىنىڭ دېگىنى بويىچە سوۋغاتنى راسلاپ، سۇل-تانىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

موماي ئوردىغا بېرىپتۇ ھەمدە بۇلۇڭدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا سۇلتان چىقىپ، تەختكە ئولتۇرۇپ قولىدىكى ياغلى-



قىنى كۆتۈرۈپ بىر سىلكىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئىش توگىدى» دېگىنى ئى-كەن. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى سۇلتانغا بىر ئېغىز سۆز قىلالماي ئۆيگە قايتىپ كە-

تۇ. ئەتىسى ئوردىغا بېرىپ يەنە شۇنداق قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بالىسىنىڭ زورى بىلەن ھەر كۈنى ئوردىغا بېرىپتۇ. بىر كۈنى سۇلتان مومايىنى كۆرۈپ ۋەزىرگە:

— ئاۋۇ قېرى كىم؟ نېمە ئۇچۇن كۈندە كېلىدۇ؟ سوراپ باق. ئۇنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىپ، ساۋاب ئالاي، — دەپتۇ.

ۋەزىر مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي موماي، تىلىكىڭ بولسا، سۇلتانغا دېگىن، سۇلتان ئىجازەت بەردى، — دەپتۇ.

موماي سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ مىڭ تەسلىكتە:

— ھۆرمەتلىك سۇلتان، ئوغلۇم سىزگە بۇ سوۋغاتلارنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ تىلىكى سىزگە كۈيئوغۇل بولۇش، — دەپ سوۋغىنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

سۇلتان ئېسىل تاشلارنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ مومايىنىڭ ئېلىپ كەلگەن تاشلىرىنى قولىغا ئېلىپ ھەۋەس بىلەن كۆرۈۋېتىپ، ۋەزىرىدىن:

— مۇنداق ئېسىل تاشلىرى بار ئادەم چوقۇم كاتتا باي، ئۇ قىزىمنىڭ خىلى بولۇشقا مۇناسىپ. سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.



بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ ئىچى ئۆرتىنىپتۇ،

چۈنكى، ئۇنىڭمۇ بىر ئوغلى بار بولۇپ، سۇلتانغا قودا چۈشۈش تاماسىدا يۈرگەن ئىكەن.

— ئەقىللىق سۇلتان، — دەپتۇ ئۇ سۇلتاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بۇ تاشلارنى كۆرۈپلا، تونۇمايدىغان بىرسىگە مەلىكىنى بەرسەك بولماس. راست بايمۇ، گادايمۇ سىناپ كۆرسەك، ئۇ قىرىق ئالتۇن تاۋاقتا مۇشۇنداق ئېسىل تاشلارنى تولدۇرۇپ، قىرىق كېنىزەككە كۆتۈرتۈپ، ئۇلارغا قىرىق قۇلنى ياندىتىپ كەلتۈرسۇن، ئاندىن بىر نېمە دېسەك.

سۇلتان ئالاھىددىننىڭ ئانىسىغا ۋەزىر ئېيتقان شەرتلەرنى دەپتۇ. موماي غەمگە چۆككەن پېتى ئۆيگە كەپتۇ. ئانىسىنىڭ قولىدا سوۋغىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەن ئالاھىددىن:

— ئانا، مېنىڭ بايقىشىمچە سۇلتان بىلەن سۆزلەشكەن ئوخشايسەن، تېزراق سۆزلىسەڭچۇ! — دەپتۇ.

موماي سۇلتاننىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئالاھىددىننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ھېلىقى چىراغنى قولىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپتۇ. ئانىسى جىننى كۆرگۈسى كەلمەي باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتىپتۇ. جىنمۇ ھايال بولماي يېتىپ كەپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا ئېسىل تاشلار بىلەن تولغان قىرىق ئالتۇن تاۋاق، ئۇنى كۆتۈرىدىغان قىرىق كېنىزەك، كېنىزەكلەرنى قوغداپ ماڭىدىغان قىرىق



قۇل تەييارلاپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. جىن غايىب بوپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئالاھىددىننىڭ تەلەپ قىلغىنى تەل بوپتۇ. ئالاھىددىننىڭ ئانىسى بەك خوشال بوپتۇ، شۇ ھامان كېنىزەكلەرنى باشلاپ ئور-دىغا مېڭىپتۇ.

بۇ تەنتەنىنى كۆرۈشكە شەھەر ئەھلىنىڭ ھەممىسى يىغى-لىپتۇ. كېنىزەكلەر قاتار تىزىلىپ كېلىپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئالتۇن تاۋاقلارنى قويۇپتۇ.

— ھەي ۋەزىر، — دەپتۇ سۇلتان ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇرغان ۋەزىرگە، — يەنە نېمە مەسلىھەتىڭ بار؟

— خۇدا جانابلىرىنى ياخشى كۆيۈئوغۇلغا يەتكۈزۈپتۇ. قۇت-لۇق بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر. لېكىن، ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېچىشىپتۇ.

— بېرىپ ئوغلۇڭغا ئېيت، — دەپتۇ سۇلتان ئالاھىددىننىڭ ئانىسىغا، — قىزىمنى ئوغلۇڭغا بېرىمەن. ئۇ سالامغا كەلسۇن.

موماي ئۆيگە قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئوغلىغا ئۇقتۇرۇپتۇ، ئالاھىددىن چىراغنى بىر ئۇۋۇلىغان ئىكەن. جىن ھازىر بوپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا:



— ماڭا ئايدەك قۇل بىلەن قىرىق سەككىز كې-نىزەك يەتكۈز. ئۇلارنىڭ يې-گىرمە تۆتى ئالدىمدا، يې-گىرمە تۆتى كەينىمدە ماڭ-



سۇن، يەنە مىڭ تىللا، بىر تۇلپار كەلتۈر، — دەپتۇ.

جىن ئۇنىڭ دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئالاھىددىن ئاتقا مىنىپ، كېنىزەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ بازارغا كەپتۇ. ئادەم كۆپ توپلانغان بىر جايدا توختاپ توپقا تىللا چېچىپتۇ. خەلقنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئوردىغا كەپتۇ.

ئۇنىڭ يولدا تىللا چاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ قورسىقىغا جىن كىرگەن ئىكەن. ئۇ ئالاھىددىننى يەنە بىر سىناپ مات قىلىش مەقسىتىدە سۇلتانغا ئالاھىددىندىن بىر ساراي سالدۇرغاندىن كېيىن توي قىلىش تەلىپىنى قويۇش مەسلىھەتىنى بەرگەن ئىكەن، سۇلتان ئالاھىددىن بىلەن كۆرۈشۈپ شۇ تەلەپنى قويۇپتۇ. ئالاھىددىن بۇنىڭغىمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ چىراغنى بىر پۇۋلىگەن ئىكەن، جىن پەيدا بوپتۇ. ئۇ جىنغا:



— ماڭا بىر ساراي سېلىپ بەر، ئۇ شۇنداق ساراي بولسۇنكى، يەر يۇزىدە جۇپى بولمىسۇن، ھەممە كىشى كۆرۈپ ھەيران قالسۇن، — دەپتۇ.



ئالاھىددىن ئەتىسى سەھەردە قارىسا تۈزلەڭدە شۇنداق كاتتا بىر ساراي تۇرغۇدەك. ئۇ سارايىنى ئايلىنىپ چىقىپ جىنغا:

— سارايىنىڭ بىر تۈۋرۈكىنى ئېلىۋەتكىنىكى، سۇلتان «ئۇنتۇپ قاپتۇ» دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ، ئۇنى ئۆزى قويۇش قارارىغا كەلسۇن، لېكىن قويۇش قولىدىن كەلمىسۇن. بۇ ئارقىلىق مېنىڭ سۇلتاندىن كۈچلۈك ۋە باي ئىكەنلىكىم نامايان قىلىنسۇن، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ جىن. ئۇ قولىنى بىر سىلكىگەن ئىدىكەن، تۈۋرۈك شۇ زامان غايىب بوپتۇ ۋە ئىلگىرى بۇ ئاردا ھېچنەرسە بولمىغاندەك تەپتەكشى بولۇپ قاپتۇ.

— ئەمدى مەن بېرىپ سۇلتاننى مۇشۇ يەرگە ئەگەشتۈرۈپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئالاھىددىن.



سۇلتان ئەتىگەنلىكى دېرىزىدىن قارىسا، ئۇدۇلدا يالت - يۇلت قىلىپ بىر ساراي تۇرغۇدەك، سۇلتان ۋەزىرنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا سارايىنى كۆرسىتىپتۇ:



— خوش ۋەزىر، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ سۇلتان، — بىر كېچىنىڭ ئىچىدە شۇنداق سارايىنى سالغان ئادەم ماڭا كۈيئوغۇل بولۇشقا لايىقتۇ؟!

— ۋاي سۇلتانىم، سىز بۇ ئالاھىددىنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بايقىيالمايۋاتىسىز، — دەپ ھىيلىگەرلىك قىپتۇ ۋەزىر.

شۇ چاغدا ئالاھىددىن كىرىپ سۇلتانغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن سارايىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ۋەزىر بىلەن سۇلتان سارايىنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىپتۇ.

سۇلتان سارايىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن زېرىكمەپتۇ، مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر تۈۋرۈكنىڭ كەملىكىنى ۋەزىر بايقاپ قاپتۇ.

— ۋاي، ساراي تېخى پۈتمەپتۇ، مۇنۇ يەردە بىر تۈۋرۈك كەم ئىكەنغۇ تېخى، — دەپتۇ ۋەزىر.



— ھېچۋەقەسى يوق، بۇ تۈۋرۈكنى مەن ئۆزۈم قويغۇزۇپ بېرىمەن، قۇرۇلۇش باشلىقىنى چاقىر، — دەپتۇ سۇلتان ئەتراپىدىكىلەرگە مەغرۇرلۇق بىلەن



قاراپ مەيدىسىنى كېرىپ،
— مۇنداق بىر تۇۋرۇكنى
سېلىپ چىقىش مېنىڭ قو-
لۇمدىن نېمىشقا كەلمەي-
سۇن؟
سۇلتان شەھەردە «مەن
تاشچى» دېگەنلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى جەم بولۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. بۇلارغا ئۆزىنىڭ قو-
لىدىكى ئېسىل تاشلىرىنى بېرىپتۇ، ئەمما، ئۇ تاشلار يەتمەپتۇ.
سۇلتان بۇنى ئاڭلاپ تېرىكىپتۇ:
— ئۇلۇغ خەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىڭلار، قول ئاستىڭلار-
دىكى خەلقىنىڭ بارلىق ئېسىل تاشلىرىنى يىغىپ كەلتۈرۈڭلار،
مېنىڭ بايلىقىم بىر تۇۋرۇكنى ياساشقا يەتمەمدۇ؟ — دەپ چىر-
قىراپتۇ. بىراق، بەرىبىر تۇۋرۇكنى قويالماپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
ئالاھىددىن سۇلتانىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— غەم قىلماڭ سۇلتان، تۇۋرۇك ئورنىغا قويۇلدى. مەن ئې-
سىل تاشلارنىڭ بارلىقىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم، — دەپ-
تۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئالا-
ھىددىن بىلەن بۇدىرە خې-
نىمنىڭ توي مەرىكىسى
بوپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئالا-
ھىددىن ئائىلى بىلەن يېڭى





سارايدا خۇشال كۈنلىرىنى
ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى ھېلىقى مەغ-
رىبتىن كەلگەن كىشى —
جادۇگەردىن گەپ ئاڭلايلى.

ئۇ، نۇرغۇن ۋاقىتىنى
غەم بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ:
ئالاھىددىن يەر ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، چىراغمۇ شۇ
يەردە تۇرىدىغاندۇر، بەلكىم ئۇنى مەن ئالاھىددىنسىزلا قولغا چۈ-
شۈرۈۋالارمەن، دەپ ئويلايدىكەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، بىر
كۈنى شۇ چىراغنىڭ يەر ئاستىدا بار – يوقلۇقىنى بىلىپ باققۇ-
سى كەپتۇ. ئۇ، قۇم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ رەم ئېچىپ چىراغنىڭ
يەر ئاستىدا يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ – دە، ئەندىشىگە چۈشۈپ-
تۇ. ئۇ يەنە رەم ئېچىپتۇ ۋە ئالاھىددىننىڭ يەر ئاستىدىن ئامان –
ئېسەن قايتىپ چىققىنىنى، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان شەھرىدە ئىكەن-
لىكىنى بىلىپ، دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ. بىر نەچچە دېڭىزلار-
دىن، ئېگىز تاغلاردىن، دەشت – باياۋانلاردىن، سەھرا – شەھەر-
لەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى ئالا-
ھىددىن تۇرغان شەھەرگە
يېتىپ كەپتۇ. مەغرىبلىق
ئادەم بازارغا چىقىپ، خەلق-
نىڭ گەپ – سۆزلىرىنى تىڭ-
شاشقا باشلاپتۇ. بازاردىكى



گەپ-سۆزلەر ئالاھىددىن بىلەن ئۇنىڭ سارىيى توغرىسىدا ئىكەن. مەغرىبتىن كەلگەن ئادەم ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇنى ئۇقۇپتۇ-دە، سۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئالاھىددىن دېگەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەسلىكىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بولمىسا، ئالاھىددىننىڭ كىملىكىنى بىلەر ئىدىڭ. ئۇ بەكمۇ باي ئادەم. ئۇنىڭ سارىيىنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سۇچى. مەغرىبتىن كەلگەن كىشى سۇچىغا بىر تەڭگە بېرىپ:

— مۇنۇ تەڭگىنى ئال، ماڭا بىر خىزمەت قىل، راست، مەن بۇ شەھەرنىڭ ئادىمى ئەمەس، شۇڭا ئالاھىددىننىڭ سارىيىنى كۆرگۈم بار. مېنى شۇ سارايغا ئاپىرىپ قوي، — دەپتۇ.

سۇچى مەغرىبلىق كىشىنى سارايىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەغرىبلىق كىشى سارايىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. مۇنداق سارايىنى سېلىش چىراغنىڭ قولى مايمۇن جىننىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. چىراغ مۇشۇ ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ چىراغنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ يولىنى ئويلاپتۇ. مىسكەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:



— ماڭا ئون دانە مىس چىراغ ياساپ بەر، — دەپتۇ.

كەچقۇرۇن كېلىپ تەييار بولغان مىس چىراغلار-

نى ئېلىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇ شەھەرنى ئايلىنىپ «كونا چىراغنى يېڭى چىراغقا تېگىشىپ بېرىمەن» دەپ ۋاقىراپتۇ. كەچتە سارايـنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە شۇنداق دەپ ۋاقىراپتۇ. ئالاھىددىن ئۇۋغا چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە بۇدىرە خېنىم يالغۇز قالغان ئىكەن. ئۇ مەغرىبلىقنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ:

— ئۇ راست ئېيتامدۇ ـ يالغانمۇ؟ بۇنى بىر سىناپ باقساق بولاتتى، ئەمما سارايدا كونا چىراغ يوق، — دەپتۇ خىزمەتچىسىگە.

— بار، — دەپتۇ خىزمەتچى ئايال، — ئالاھىددىن باينىڭ ھۇجرىسىدا بىر كونا چىراغ كۆرگەنمەن.

خىزمەتچى ئايال بۇدىرە خېنىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھۇجرىدىكى كونا مىس چىراغنى ئېلىپ چىقىپتۇ ھەم ئۇنى مەغرىبلىق كىشىگە بېرىپ، يېڭى بىر چىراغنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ.

مەغرىبلىق بولسا ناھايىتى خوشال بولۇپ، چىراغنى قوينىغا سېلىپ قارارگاھىغا يول ئاپتۇ. ئۇ شەھەردىن چىقىپ پىنھان يەرگە كېلىپ، چىراغنى ئۇۋۇلىغان ئىكەن، مايمۇن جىن يېتىپ كەپتۇ.



مەغرىبلىق كىشى ئۇنىڭغا:

— ئالاھىددىننىڭ سارىيىنى يۇرتۇمغا كۆچۈرۈپ قوي، — دەپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ

- ئاچقۇچە ساراي مەغرىبلىق كىشىنىڭ يۇرتىدا قەد كۆتۈرۈپتۇ.

مەغرىبلىقنىڭ كەچۈرمىشىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، سۇل-تانغا كېلەيلى:

سۇلتان ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئوردا دېرىزىسىدىن قارىسا، ساراي كۆرۈنمىگۇدەك. سۇلتان ئۆزىنى باسالماي ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ ھالىنى سورىغان ئىكەن. ئۇ:

— ساراي قېنى؟ قىزىم قېنى؟ — دەپ ئۆزىنى كاچاتلاپتۇ.

ئەرۋاھى ئۇچقان ۋەزىر:

— ئالاھىددىن سېھىرگەر ئادەم، ھەممە ئىشنى قىلغان شۇ، ئۇنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان ئېيتقان ئىدىم، سىز ئىشەنمىگەن، ھېلىمۇ كېچىكمەيسىز، ئەمدى نېمە چارە قوللىنىش كېرەكلىكىنى قارار قىلىڭ، — دەپتۇ.

— ئالاھىددىننى كەلتۈرۈڭلار، كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ سۇلتان جاللاتلىرىغا.

شۇ چاغدا ئالاھىددىن شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. يولدا جاللاتلارغا ئۇچراپتۇ. جاللاتلار سۇلتاننىڭ بۇيرۇقىنى ئۇ-نىڭغا يەتكۈزۈپ، پۇت - قولىغا كىشەن - كويزا سېلىپ ئوردىغا ھەيدەپ مېڭىپتۇ. شەھەر خەلقى ئالاھىددىننى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇلار سۇلتاننىڭ ئالاھىددىننىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوردىغا سەلدەك ئې-



قىپتۇ. سۇلتان ئالاھىددىندىن:

— ساراي بىلەن قىزىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن نەدىن بىلەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالاھىددىن ھەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن سۇلتان ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىش نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئالاھىددىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان جاللاتلارنى كۆرگەن شەھەر خەلقى يولنى توسۇپ، ئوردىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئالاھىد-دىننى قويۇپ بەرمىسە ئوردىنى كۆيدۈرۈپ، كۆلنى كۆككە سو-رۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان قورقۇپ كې-تىپتۇ ھەمدە ئالاھىددىننى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە قىپتۇ. لېكىن قىزىنى تېپىپ بېرىشكە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ئالاھىد-دىننى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئالاھىددىن بىر ئېرىق بويىدا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ قولىنى ئېرىقتىكى سۇغا تىققان ئىكەن، چىم-چىلاق قولىدىكى ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى سۇدىن مىڭ تەسلىكتە تېپىپ چىقىپتۇ - دە، ئۇۋۇلاپتۇ. شۇ ھامان دەھنەش جىن پەيدا بولۇپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭغا:



— سارىيىمنى بۇرۇنقى ئورنىغا ئەكىلىپ قوي، — دەپتۇ. ئۈزۈكنىڭ قولى جىن:

— بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، باشقا تە-



لىپىڭ بولسا ئېيت، —
دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنى سارىيىم بار جايغا يەتكۈزۈپ قوي، — دەپتۇ ئالاھىددىن.

— ئەمىسە كۆزۈڭنى يۇم، — دە، تېز ئاچ، — دەپتۇ جىن.

شۇنداق قىلىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالاھىددىن سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرسە، بۇدىرە خېنىم يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇ ئالاھىددىننى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئېرىنىڭ باغرىغا ئېتىپتۇ. كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپتۇ، مەغرىبلىق ئادەمنىڭ ئۆزىنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى، لېكىن بۇنى رەت قىلغانلىقىنىمۇ يۇشۇرماپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭدىن مەغرىبلىق ئادەمنىڭ چىراغنى قەيەرگە تىقىپ قويغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئۇ چىراغنى يېنىدىن ئايرىمايدۇ، — دەپتۇ بۇدىرە خېنىم.



— سۆزۈمگە قۇلاق سال، ئى ۋاپادارىم، — دەپتۇ ئالاھىددىن، — مەغرىبلىق ئادەم كەلگەندە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ بىللە تاماق يېيىشنى ئۆتۈنگىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىغاندا مۇنۇ ئۈيقۇ دورىسىنى چاندۇرماي قاچىسىغا سېلىۋەت. ئۇ ئۇيقۇغا چۆككەندە مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋې-تىمەن.

بۇدىرە خېنىم ئالاھىددىننى قازناققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا مەغرىبلىق كەپتۇ. بۇدىرە خېنىم ئالاھىددىننىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنى جايلاپتۇ. ئۇنىڭ خورەك تارتقىنىنى ئاڭلىغان ئالا-ھىددىن قازناقتىن چىقىپ، يۈرىكىگە پىچاق ساپتۇ. چىراغنى ئې-لىپ بىر ئۇۋۇلىغان ئىكەن، جىن پەيدا بوپتۇ. ئالاھىددىن ئۇنىڭ-غا:

— مۇشۇ سارايىنى بۇرۇنقى جايىغا كۆچۈر، — دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىكەن. جىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بەجا كەلتۈرۈپتۇ. قىزنى ئۇيلاپ دېرىزە ئالدىدا يىغلاپ ئولتۇرغان سۇلتان سارايىنى كۆرۈپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ. قىزى ۋە كۈيۈئوغلى بىلەن قۇ-چاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئالاھىددىننىڭ كالللىسىنى ئالىمەن، دې-گىنىگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە ئالاھىددىندىن ئەپۇ سوراپتۇ.

ئالاھىددىن بۇدىرە خېنىم بىلەن مۇشۇ سارايدا ئۇزاق يىللار ئۆمۈر كۆرۈپتۇ.



مۆھتەرەم بوۋاي بۇ چۆچەكنى زور ئىشتىياق بىلەن سۆزلەپ تۈگەتتى. بىلقۇتجان تەشنالىق بىلەن ئاڭلاپ، باغرى قانغاندەك



بولدى.

— بالام، بۇ چۆچەك ساڭا يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىلقۇتجاندىن.

— مەن بۇ چۆچەكتىن نۇرغۇن يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدۇم، — دېدى بىلقۇتجان كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ چۆچەك شۇنچە سىرلىق ۋەقەلەرگە تولغانلىقىغا قارىماي، ئادەمگە شۇنچىلىك تەبىئىي بىر تۇيغۇ ئاتا قىلىدىكەن. ئالاھىددىنىنىڭ قەيسەرلىكى، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلىشى ۋە ئەقىل ئىشلىتىپ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىشى قاتارلىقلار ماڭا بەكرەك تەسىر قىلدى. مەن بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن بەك تەسىرلەندىم!

مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ئەي قەدىرلىك بالام! سىرلىق چۆچەكلەر تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، خىيالىي تەسەۋۋۇرلارغا تولغاندەك قىلغىنى بىلەن، تېگى - تېگىدىن ئېيتقاندا يەنىلا رېئال تۇرمۇشتىكى ئادىمىيلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، بۇ چۆچەكتىكى ئالاھىددىن يېتىم ئوغۇل بولسىمۇ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تۈرگۈنلۈكى بىلەن ئاخىردا زىياندا‌شلارنى يوقىتىپ، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ياخشى نىيەتلىك كىشىنىڭ ئاخىرقى ھاياتلىق نىشانى چوقۇم بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش، ئەلگە بەخت - سائادەت يارىتىشتىن ئىبارەت.

— خۇشەندىم بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي مەمنۇن بولغان ھالدا:

— ئۇنداق بولسا، يەنە بىر سىرلىق ۋەقەلەرگە تولغان چۆچەككە قۇلاق سال! — دېدى ۋە چۆچىكىنى باشلاپ كەتتى.



# خىسلەتلىك گۈل

ئۆتكەن زاماندا قىسمەت دېگەن بىر دېھقان ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن.

بىر يىلى ياز ناھايىتى ئىسسىق كەپتۇ. قۇياش نۇرى تاغنى ئوتتەك قىزىتىۋېتىپتۇ. قىسمەتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن شۇرقىراپ تەر ئېقىپتۇ، ئۇنىڭ تەرى ئېقىپ چۈشكەن يەردىن بىر لەيلىگۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. گۈل ۋىلىلداپ نۇر چېچىپتۇ ۋە: «يالغۇزغا ھەمراھىڭ بولاي، سەن بىلەن دائىم بىرگە تۇراي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقۇڭنى ئالاي» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپتۇ. شۇندىن كېيىن شۇ گۈل قىسمەتنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بولۇپ قاپتۇ. گۈلنىڭ يېقىملىق ناخشىسى قىسمەتكە چەكسىز كۈچ بېغىشلاپتۇ، قىسمەت ئىشلەپ ھارمايدىغان بوپتۇ.



بىر كۈنى بىر توشقان گۈلنىڭ يېنىدىن سەكرەپ كېتىۋېتىپ، گۈلنى سىڭايان قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىسمەتنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەندەك بوپتۇ. شۇ-

نىڭ بىلەن گۈلنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ، تەشتەككە ئېلىپ دې-
رىزىگە قويۇپتۇ. قىسمەت ھەر كۈنى كەچ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، بۇ گۈل خۇش پۇراق چېچىپ، يېقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بىر ئايەم كۈنى ئاخشىمى سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ. قىسمەت چىراغ تۈۋىدە كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇرسا، چىراغنىڭ پىلىكى بىر قىزىلگۈلگە ئايلىنىپ قاپتۇ. قىزىلگۈل بارا - بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدە بىر پەرىزات پەيدا بوپتۇ ۋە: «قىزىلگۈل ئېچىلدى، خۇش پۇراق چاچتى. گۈل ئىچىدىن پەرىزات كەلدى» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ. قىسمەت بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرۇشىغا، پەرىزات سەكرەپ چۈشۈپ قىسمەتكە سالام بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېرىزىدىكى گۈل غايىب بوپتۇ. قىسمەت ئورنىدىن تۇرۇپ پە-
رىزاتقا ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. پەرىزات كېلىپلا قىسمەتنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى ئېلىپ ياماشقا باشلاپتۇ. بۇلار بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپتۇ. پەرىزات بىلەن قىسمەت ئاينى گۇۋاھچى قىلىپ ئەر - خوتۇن بولۇشۇپتۇ.

شۇندىن كېيىن قىسمەت بىلەن پەرىزات ھەر كۈنى تاغقا بىرگە بېرىپ، كۆيۈپ - پىشىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ. ئاخشىمى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە پە-
رىزات چىراغ تۈۋىدە كەشتە تىكىپتۇ. قىسمەت سېۋەت توقۇپتۇ. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. بۇلار جاپالىق ئىش-
لەپ نۇرغۇن ئاشلىققا ئىگە



بوپتۇ. يەنە قوي، توخۇ بېقىپتۇ، تۇرمۇشى پاراۋان بوپتۇ.

قىسمەت باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاينىپتۇ. ئىش خۇشياقمايدىغان بوپتۇ، بىر قەپەسنى كۆتۈرۈۋېلىپ بېشى قايغان تەرەپلەرگە بېرىپ قۇشقاچ ئويناپ بىكار يۈرىدىغان بوپتۇ. پەرىزات بۇنىڭغا خاپا بولۇپ قىسمەتكە نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ نەسىھەتنى ئاڭلىماپتۇ.

بىر كۈنى پەرىزات قىسمەتكە ئىككى چارەك ئاشلىقنى، ئىشلىگەن كەشتىلىرىنى بېرىپ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا گۆش، نان ۋە كەشتە توقۇشقا يىپ، يەنە بىر كەتمەن، ئىككى ئوتۇغۇچ، ئىككى ئورغاق ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

قىسمەت بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشغا سېتىپ، ساتقان پۇلىغا يەپ ـ ئىچىپتۇ، پەرىزاتنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇندىماي، ئۇنى خاپا قىپتۇ. شۇندىن كېيىن قىسمەت ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ئىش قىلماي بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈپ، تاپقان ـ تەرگەننى يەپ بولغىلى تۇرۇپتۇ.

پەرىزات قىسمەتنىڭ ھورۇنلىشىپ كەتكەنلىكىدىن خاپا بولۇپ، ئۇنىڭغا:



— بۇنداق بىكار تەلەپ بولۇپ يۈرۈۋەرسەك، كۈندىمىز تەسلىككە قالىدۇ، ھورۇنلۇقنى تاشلا، تاغقا بېرىپ دېھقانچىلىقىڭنى قىل، — دەپتۇ.

— تاغقا باراي دېسەم پۇتۇم ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ قىسمەت.

— ئەمىسە سېۋەت توقۇ.

— قولۇم ئاغرىيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قىسمەت پەرىزاتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي
بىكار يۈرۈۋېرىپتۇ. پەرىزات قىسمەتنى گەپكە كىرگۈزەلمەي غەم-
گە چۈشۈپتۇ. تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە بېشى قې-
تىپتۇ. شۇ يىلى دېھقانچىلىقتىن ھېچبىر ھوسۇل ئالالماپتۇ.

پەرىزات بىر كۈنى كېچىدە غەمگە پېتىپ چىراغ يورۇقىدا
كەشتە تىكىپ ئولتۇرسا، ئۇشتۇمتۇت چىراغ پىلىكى گۈلگە ئاي-
لىنىپتۇ. گۈل ئىچىدىن قاناتلىرى رەڭگارەڭ، ئاجايىپ چىرايلىق
بىر توز قۇشى پەيدا بوپتۇ ۋە: «قىزىلگۈل يەنە ئېچىلدى، ئۆز
ھۆسنىنى كۆرسەتتى، قىسمەت ھۇرۇن بولۇپ كەتتى، ئەمدى بۇ
يەردە تۇرمايلى، ئۆز جايىمىزغا كېتەيلى» دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ-
دە، سەكرەپ چۈشۈپ پەرىزاتنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. پەرىزات غايىب
بوپتۇ. توز ئۇچۇپتۇ، قىسمەت توزغا ئېسىلىۋاپتۇ، توزنىڭ بىر
تال پېيى يۇلۇنۇپ قىسمەتنىڭ قولىدا قاپتۇ. توز دېرىزىدىن چى-
قىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسمەت داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ.



پەرىزات ئۇچۇپ كەت-
كەندىن كېيىن، قىسمەت
ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ ئۆيدە
يالغۇز قاپتۇ. ئىش - ئوقەت-
مۇ قىلماپتۇ. كۈن ئۆتۈپتۇ،
ئاي ئۆتۈپتۇ، ئۆيدىكى بار-

لىق نەرسىلەر تۆگەپتۇ. ئۆيدە پەقەت ئۆزى ياتقان بىر پارچە كىد-
گىزلا قاپتۇ. قىسمەت ئەمدى بۇ كىگىزنىمۇ ئېلىپ چىقىپ سات-
ماقچى بوپتۇ. كىگىزنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا، كىگىزنىڭ ئاستىدىن
پەرىزات ئىشلىگەن بىر دانە كەشتە گۈل چىقىپتۇ. قىسمەت
كەشتىنى كۆرۈپلا قولىغا ئېلىپ، باغرىغا تېڭىپ، پەرىزات بار
چاغدىكى كۆڭۈللۈك، ھالاۋەتلىك كۈنلىرىنى ئويلاپ، ئاھ ئۇرۇپ
يىغلاپتۇ. پەرىزاتنىڭ نەسىھەت، گەپ ـ سۆزلىرى ئەمدى يادىغا
كەپتۇ. مىڭبىر پۇشايمان قىپتۇ. كەتمەننى كۆتۈرۈپ تاغقا بېرىپ
دېھقانچىلىقنى قىپتۇ. ئاخشىمى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ سېۋەت
توقۇپتۇ.

پەرىزات كەتكەندىن كېيىن قىسمەت توزنىڭ ھېلىقى بىر تال
پېيىنى دېرىزىدىكى تەشتەككە سانجىپ قويغانىكەن. ئۇ ھەر كۈنى
پەرىزاتنى يادلىغاندا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ نالە قىلىپ يىغلاي-
دىكەن. قىسمەتنىڭ يىغلىغاندىكى ياش تامچىلىرى تەشتەكتىكى
توزنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى پەي لەيلىگۈلگە ئاي-
لىنىپتۇ. گۈلدىن يەنە بۇرۇنقىدەك «يالغۇزغا ھەمراھىڭ بولاي،
سەن بىلەن بىرگە بولاي، ناخشا ئېيتىپ، غەزەل ئوقۇپ، ئىچ پۇ-
شۇقۇڭنى ئالاي» دېگەن
ناخشا ئاڭلىنىپتۇ. قىسمەت
بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ خۇش-
لۇقتا يامغۇدەك تۆكۈلۈپ،
يىغلاپ كېتىپتۇ.



قىسمەت ھەر كۈنى

www.uyghurkitap.com



ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە، لەيلىگۈل يىقىملىق ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ، خۇش پۇراق چېچىپتۇ. يەنە بىر ئايەم ئاخشىمى كېچە سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ. قىسمەت پەرىزاتنى ئويلاپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، چىراغ تۈۋىدە كۆڭلەك ياماپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇساتتىنلا چىراغ پىلىكى ئۆتكەنكىدەك قىپقىزىل گۈلگە ئايلىنىپتۇ. قىزىلگۈل بارا ـ بارا پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ. گۈل ئىچىدىن پەرىزات چىقىپتۇ. قىسمەت ئۆزىنى پەرىزاتنىڭ ئالدىغا ئېتىپتۇ. ھۇرۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك قىلىپ، پەرىزاتنى خاپا قىلغىنىغا يۈز مىڭ تۆۋا قىپتۇ. پەرىزات قىسمەت بىلەن يەنە قايتىدىن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى باشلاپتۇ. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. پەرىزات ئايدەك چىرايلىق ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوغۇلمۇ چوڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشات، كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى ئېيتىپ تۈگەتكەندە، بىلقۇتجان ھاياجاندىن ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئولتۇراتتى.

— بوۋا، سىز بايا چۆچەك ئېيتىۋاتقان چاغدا ئۆزۈمنى خۇددى مۇشۇ ۋەقەلىكنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كەتتىم... — دېدى ئۇ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن، — قىزىلگۈل يالغۇز



دېھقان قىسمەتنىڭ ئەمگەك تەرىدىن ئۈنۈپ چىققىدۇ، دېمەك، ئۇ ئەمگەك تەرىنىڭ مېۋىسى؛ ئۇ ئەمگەك ئارقىلىقلا ھاياتلىقنى ياشنىتىپ تۇرىدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن پەرىزات پەيدا بولدى، ئۇمۇ پەقەت ھالال تەرنىڭ مەھسۇلى؛ قىسمەت باياشات بولغاندىن كېيىن ئەمگەك قىلىشتىن توختاپ، ھورۇنلۇقنى باشلىۋىدى، پەرىزاتمۇ، گۈلمۇ غايىب بولدى... ئەمگەك تەرى قايتا تۆكۈلۈۋىدى، گۈلمۇ، پەرىزاتمۇ پەيدا بولدى... بۇ چۆچەك ھالال ئەمگەكنى قەدىرلەش، ھورۇن بولماسلىققا ئۈندەشتىكى چاقىرىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىدەكەن.

— شۇنداق، قەدىرلىك بالام!، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي پەخىرلەنگەن ھالدا، — ئادەم بۇ جاھاندا ياخشى خۇيلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىپ ھالال ئەمگەكنى بىلەن ياشىشى، ھالال ئەمگەكنىڭ قەدرىگە يېتىشى زۆرۈر، شۇنداق قىلغاندىلا ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى، بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىلى ۋە مۇرادىغا يەتكىلى بولىدۇ. ھورۇنلۇق، ئايىنىش، بىكار تەلەپلىك بولسا ئىنسانىيلىققا يات قىلىقلاردۇر. بىز ئىنسانىيلىققا خاس خىسلەتلەرنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ھاياتنىڭ لەززىتى بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ، بىزنى تىلەكلىرىمىزگە يەتكۈزىدۇ.

— چۈشەندىم، بوۋا!

— ئۇنداق بولسا، يەنە بىر چۆچەككە پەيزىڭ قانداقراق؟

— قۇلىقىم سىزدە!

# خىسلەتلىك توقماق

بۇرۇن كۆپ زامانلار ئىلگىرى، تۇرپان خانلىقى دەۋرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتكە، پارىخورلۇققا بېرىلىپ ئەلنىڭ، يۇرتنىڭ ھالى بىلەن كارى بولماي، خەلق ئۈستىگە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئالۋان ـ سېلىق سېلىپتۇ، خەلق پادىشاھ- نىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، يىلدا نەچچە رەت كەلكۈننىڭ دەستىدىن خانىۋەيران بولۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ بىر ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل قويچىسى بولۇپ، بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، خەلقنىڭ ھالىغا ئېچى- نىدىكەن. دەرد ـ ھەسرەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ كۈنىمۇ خەلقنىڭ كۈنىدىن بەتتەر ئىكەن، چۈنكى ئۇ باققان قويلارغا ئوغرى ـ يالغانىنىڭ كۆزى تەگمىگەن تەقدىردىمۇ، بۆرە ـ قاۋان، يىلدا نەچچە نۆۋەت كېلىدىغان كەلكۈندە زىيانغا ئۇچرايدى- كەن. پادىشاھ بۇنىڭغا قىل- چىمۇ رەھىم قىلماي بىرگە بىرنى تۆلەتتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن قويچى يىلدا پادىشاھ- قا بىكارغا ئىشلىگەندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن قويغا



قەرز بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ پادىشاھقا قويىنى باقماسلىقنى ئىلتى-
ماس قىلسا، پادىشاھ:

— قەرزلىرىڭنى تۆلەپ بولۇپ نەگە بارساڭ بار، — دەيدى-
كەن. شۇنداق چاغلاردا ئۇ خەلق بىلەن بىر قاتاردا زار - زار قاق-
شاپ نالە قىلىدىكەن...

بىر يىلى يازدا قويچى پادىشاھنىڭ قويلىرىنى تەڭرىتاغ ئې-
تىكىدىكى گۈزەل بىر يايلاقتا بېقىپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز نۇر-
غۇنلىغان چىلبۆرە ئۇنىڭ قويلىرىغا قاراپ يىراقتىن يوپۇرۇلۇپ
كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ئاز ئەنسىرەپتۇ. ئا-
خىر بېلىگە قىستۇرۇۋالغان توقمىقىنى ئېلىپ بۆرىلەرنىڭ ئال-
دىنى توسماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ ئالدىغا كەلگەنلا بۆرىگە
توقمىقىنى شىلتىغانىكەن، بۆرە شۇ زامان موللاق ئېتىپ چۈشۈپ
تىن تارتماي ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ نېمە كارامەت ئىكەنلىكىنى چۈشى-
نىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بۆرىلەرنى يوقىتىپ، قويلارنى ئامان -
ئېسەن ساقلاپ قالغانلىقىغا خۇش بولۇپتۇ. ئۇ بۆرىلەرنى سويۇپ،
تېرىسىنى پادىشاھقا قەرز ھېسابىدا ئۆتكۈزۈپ، ئۆز قەرزىدىن قۇ-
تۇلغانىنىڭ ئۈستىگە، نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپتۇ. بۇ مال



- دۇنيانى ئۆزىگە ئوخشاش
قەرزدار، ئاچ - يالىڭاچ
يۈرگەنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ
بېرىپ، خەلقىنىڭ ھۆرمىتى-
گە سازاۋەر بولۇپ، تاغقا قوي
بېقىش ئۈچۈن كېتىپ قاپ-

تۇ...

قويچى بىر كۈنى قوي بېقىپ يۈرگەندە تۇيۇقسىز ھاۋا تۇتۇ-
لۇپ، ئاسمان گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپتۇ. ھايال بولماي دەھ-
شەتلىك يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. قويچى بۇ يامغۇرنىڭ كەلكۈن
بولۇپ بېرىپ يۇرتنى خانىۋەيران قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچى
تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ قانداق قىلارىنى بىلمەي كۆپ
ئويلاپتۇ. قويلىرىنى تۇرار جايغا سولاپ قويۇپتۇ. ئاخىر «نېمە
بولسا بولسۇن، يۇرت خەلقىگە خەۋەر قىلىپ قويۇش كېرەك» دەپ
يۇرتقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. يول يېرىمىغا بارغاندا ئادەم بويى ئېگىز-
لىكتىكى كەلكۈن ئۇنىڭ كەينىدىن باستۇرۇپ كەپتۇ. لېكىن ئۇ
بىر قەدەم باسسا، قىيانمۇ ئۇ بوشاتقان ئورۇننى باسقۇدەك، ھېچ
ئالدىغا ئۆتمىگۈدەك، شۇنداق يۈگۈرۈپ، يۇرتنىڭ قارىسى كۆرۈن-
گەندە ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەپتۇ - دە، بېلىگە قىستۇ-
رۇۋالغان توقمىقىنى چىقىرىپ كەلكۈننىڭ ئالدىغا توغرىسىغا
قويغانىكەن، كەلكۈن ئاستا - ئاستا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ غەر-
بىي جەنۇبقا قاراپ ئېقىپتۇ. شۇ نۆۋەتتىكى كەلكۈندىن كېيىن
ھازىرقى يارغۇل شەكىللىنىپ، كەلكۈن كەلسىلا شۇ غول بىلەن
ئۆتۈپ يۇرتنى خانىۋەيران
قىلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.



چۆچەك ئاخىرلاشتى.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجان-
نىڭ ئېغىز ئېيتىشىنى كۆ-

تۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئەقىللىق بىلقۇتجاننىڭ بوۋىسىنىڭ قارى-
شىدىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىپ، گېلىنى
قىرىپ قويدى - دە:

— بوۋا، مېنىڭ بىلىشىمچە، سېرلىق كالتەكنىڭ سىرى ئۇ-
نىڭ خەلقنىڭ ئەرزۇ ھالى بىلەن بىرگە بولغانلىقىدا، — دېدى
چوڭقۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — چۆچەكنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا،
ئۇ توقماق ئەسلىدە سېرلىق ئەمەس، ئادەتتىكى بىر پادىچى توق-
مىقى ئىكەن، ئەمما قويلارغا چىلبۆرىلەر ئاپەتتەك باستۇرۇپ
كەلگەندە، يۇرتقا كەلكۈن كەلگەندە بۇ توقماق ئۆز كارامىتىنى
كۆرسىتىپ ئاپەتنى يوقىتىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بو-
لىدۇكى، توقماقنىڭ سېرلىق يېرى دەل مانا مۇشۇ يەردە بولسا
كېرەك. قارىغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان تۈر-
لۈك تەبىئىي ئاپەتلەردىن غالىب كېلىش، زالىملارنىڭ زۇلمىنى
يېنىكلىتىش ۋە يوق قىلىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مانا
مۇشۇنداق چۆچەكنى ئىجاد قىلغان ئوخشايدۇ - ھە؟

— ئەمەلىيەتتە، بۇ چۆچەكنىڭ تۇرمۇشچانلىقى ئىنتايىن
كۈچلۈك، ئۇنىڭغا ئازراقلا سېرلىق تۈس كىرىپ قالغان، — دېدى
مۆھتەرەم بوۋاي چۈشەندۈ-
رۈپ، — سەن بايا ئېيتقان-
دەك، كىشىلەرنىڭ ئۈمىد -
ئارزۇلىرى بۇ چۆچەكتە نا-
ھايىتى ئاددىي، ئەمما شۇ-
چىلىك تەبىئىي ئەكس



ئەتتۇرۇلگەن. مەن بۇ چۆچەكنى ساڭا سۆزلەپ بولۇپ، ناھايىتى ئاددىيلىقىنى ھېس قىلدىم، ئەمما بۇنىڭدا ھەر ھالدا بىزنى ھايا-جانغا سېلىپ ئۆتىدىغان بىر مەزمۇن بار، مانا بۇ مەزمۇن بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قەدىرلىك.

بىلقۇتجان قايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى سەھىپىسىمۇ ئۇزۇنراق، ناھايىتى قورقۇنچلۇق ۋە سىرلىق ۋەقەلەرگە تولغان بىر چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىمەن، چىد-دىيالامسەن؟ — دەپ سورىدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— چاتاق يوق بوۋا، «سىرلىق چىراغ»دەك قورقۇنچلۇق چۆ-چەكلەرگە چىدىغان يۈرەك ئۇنىڭدىن باشقىسىغىمۇ چىدايدۇ، — دېدى بىلقۇتجان.

— سۆزۈڭ راست بولسا، باشلىدىم ئەمىسە!



# خاسىيەتلىك ئالما

بۇرۇنقى زاماندا سۇلتان غوجام دېگەن بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ چار بېغىدا ئالاھىدە ئۆستۈرۈلگەن ئۈچ تۈپ ئالمىسى بولۇپ، ئۇ ئالمىلار ھەر يىلى بىر تالدىن ئالما بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن بىرنى يېگەن كىشىنىڭ ئۆمرى ئون يىل ئۇزىرايدىكەن. بۇ سىرنى پەقەت پادىشاھنىڭ ئۆزىلا بىلىدىكەن. بۇ ئالمىنى قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىدىكەن.

بۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى باقىش، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئىسمى دانىش، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئەخمەتجان ئىكەن. بۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. باقىش بىلەن دانىش قارا نىيەت، ھەسەتخور، قورقۇنچاق ئىكەن. ئەخمەتجان تىرىشچان، كەڭ قورساق ئىكەن. نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن.



كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى خاسىيەتلىك ئالمىنى قوغداش نۆۋىتى باقىشقا كەپتۇ. باقىش تولۇق قورال-

www.uyghurkitap.com



لىنىپ ئالمىنى قوغداپتۇ. تاڭ سەھەردە يەر تەۋرەپ، چاقماقلار چېقىپ، قارا بوران چىقىپ، قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر تۈپ ئالما يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. باقىش قورقۇنچلۇقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي قاپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— جاللات، چاپ بۇ ئەبلەخنى! — دېگەنىكەن، تۆت جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كىرىپ كەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل دانىش ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— دادا، بۈگۈن ئاخشام مەن بېقىپ باقاي، ئاكام دېگەندەك ئەھۋال يۈز بەرسە ئاكامنىڭ قېنىدىن كېچىڭ. مۇنداق ئەھۋال يۈز بەرمىسە دەرھال كاللىسىنى ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئىككىنچى كېچىسى دانىش كۆزەتتە تۇرۇپتۇ. تۈن تەڭ بولغاندا بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلىپ، قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەنە بىر تۈپ ئالمىمۇ يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بوران بىلەن تەڭ غايىپ بوپتۇ.



دانىش دەرھال ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ:

— دادا، ئاكامنى ئۆل-

تۇرگەن بولسىڭىز ئۇۋال بولار ئىكەن. بۇگۈن كېچە بوران چىقىپ يەنە بىر تۈپ ئالمىنى ئېلىپ كەتتى، ــ دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ:

ــ سەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭنىڭ گېپى بىر ئىكەن. سەنلەر مەندىن يوشۇرۇپ، ئالمىنى سېتىپ خەجلەپ، مېنىڭ ھاياتىمغا قەست قىلماقچى. جاللات، چاپ بۇ ئىككى ئەبلەخنى! ــ دەپتۇ.

تۆت جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ كىرىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

ــ دادا، ئىككى ئاكامنىڭ قېنىدىن كەچسىڭىز. بۇگۈن كېچە باغنى مەن كۆزەت قىلسام، يەنە ئاكىلىرىم دېگەندەك ئىش يۈز بەرسە گۇناھىمدىن كەچسىڭىز، ــ دەپتۇ.

ــ ئاكىلىرىڭ چوڭ تۇرۇپ ئالمىلارنى قوغدىيالماي ئوغرىغا بەرگەن يەردە، سەن نېمە قىلالايتىڭ؟ ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ــ دادا، ئەقىل «ياشتا ئەمەس، باشتا» دېگەن گەپ بار. مەن بىر كۆرۈپ باقسام، ــ دەپتۇ ئەخمەتجان.

پادىشاھ بۇ ئوغلىغا بەكمۇ ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن «خوپ» دەپتۇ.



ئەخمەتجان قىلىچ، نەيزە، ئوقيالىرىنى بەتلەپ، يېرىم كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا جاھاننى قىزىللىق بېسىپ كېتىپ، كۆزنى ئاچقىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولماپتۇ. چاقماقلار چېقىلىپ، شىغىل تاشلار ئۇچۇپ كۆزگە ئا-جايىپ - غارايىپ سەت بىر نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. بىر ۋاقىتتا قاراس - قۇرۇس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاخىرقى بىر توپ ئالما يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان قىزىل بوراننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قارىتىپ ئوقيادىن بىر ئوق ئاتقانىكەن، گۈپ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندىن ئېشەكنىڭ كاللىسىدەك بىر نەرسە چۈشۈپتۇ. ئەخمەتجان بۇ نەرسىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ۋەقەنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، شاھ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ:

— ياق، ئۇچىلىڭنىڭ گېپى بىر ئىكەن. سەنلەر مېنىڭ خا-سىيەتلىك ئۈچ توپ ئالمامنى يوقاتتىڭ. بۇ كۆتۈرۈپ كىرگەن نەرسەڭ ئاتنىڭ كاللىسىمۇ، ئېشەكنىڭ كاللىسىمۇ؟ جاللات، چاپ بۇ ئۈچ ئەبلەخنى! — دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئوردا ئەربابلىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ «پۈتۈن خەلقنى يىغىپ بۇ نەرسىنى خەلققە كۆرسىتىپ باقايلى. ئېھتىمال بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەم چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. ئەخمەتجان بولسا:



— سەۋر قىلىڭ دادا، مەن بۇنىڭ سىرىنى چوقۇم تاپىمەن. ماڭا ئىككى يىللىق رۇخسەت بېرىڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ ۋاقىتتا ئال-مىنىڭ سىرىنى ئېيتىپتۇ.

ئۈچ ئوغۇل:

— ئالىمنىڭ خاسىيىتىنى ئەمدى بىلدۇق، بىز ئالىمنى تاپ-مىغۇچە قايتىپ كەلمەيمىز، بىزگە رۇخسەت بېرىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ رۇخسەت بېرىپ:

— ئاۋۋال ئاسماندىن چۈشكەن نەرسىنى خالايىق كۆرۈپ باقسۇن، — دەپتۇ.

شۇ هامان پۈتۈن يۇرت ئەھلىنى يىغىپ ئۇ نەرسىنى كۆرسى-تىپتۇ. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. ئاخىرى يۇرتتا يىراقتىن كېلىپ قالغان بىر دېۋانە بولۇپ، چاقىرىپ كې-لىپ ئۇنىڭغىمۇ كۆرسىتىپتۇ. دېۋانە كۆرۈپ، ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان ئۆرۈپ، ئاخىرى پادىشاھقا:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۇ دېۋىنىڭ بىر دانە تىرنىقىدۇر، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇللار:

— بىزگە رۇخسەت بېرىڭ، دېۋىلەرنى يوقىتىپ، ئالىمالارنى قايتۇرۇپ كېلىمىز! — دەپتۇ. پادىشاھ باقىش بىلەن دانىشقا رۇخسەت بېرىپتۇ. ئەخمەتجان:



— مەنمۇ ئاكىلىرىم بىلەن بىرگە بارىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— بالام، سەن تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يول خەتەرلىك، دېۋىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



ماكانى قەيەردە، ئۇنى بىلىدىغان ئىنسان يوق. سەن بارما، — دەپ ئۇنى ئېلىپ قاپتۇ.

ئەخمەتجان يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ ئاخىرى رۇخسەت ئاپتۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇل تولۇق تەييارلىنىپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئالتە ئاي يول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بۇ تۈگىمەس يولدىن زې-رىككەن باقىش:

— قايتىپ كېتەيلى، ئالتە ئايدىن بېرى ھېچ نەرسىگە ئې-رىشەلمىدۇق، دىۋىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەلدۇق دەپ دادىمىزنى خۇش قىلالمادۇق، — دەپتۇ. دانىش:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم، كەلگەن يول بىلەن ئۆيى-مىزگە قايتايلى، — دەپتۇ. ئىككى ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئەخمەتجان:

— ئاكىلار، بەرداشلىق بېرەيلى، دادىمىزنى يالغان سۆزلەپ ئالدىساق بولماس. دىۋىنى ئىزدەپ تاپايلى ياكى دىۋىلەرنىڭ قو-لىدا ئۆلەيلى ياكى دىۋىلەرنى يوقىتىپ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلايلى، — دەپتۇ. ئاكىلىرى بۇ تەكلىپكە ئۇنىماپتۇ. ئەخمەتجان:

— سىلەر ھېچقانداق ئىش قىلالماڭلار، پەقەت ماڭا ھەمراھ بولۇڭلار، مەن يولدىن قايت-مايمەن، مېنى تاشلاپ كەت-سەڭلار بولماس، — دەپتۇ.



ئاكىلىرى يەنە ئۈچ كۈنگىچە دىۋىنى ئىزدەشكە تەستە ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ

بىلەن ئىككى ئاكا ئۇخلاپتۇ. ئەخمەتجان دىۋىنى نەدىن، قانداق تېپىشنى ئويلىنىۋاتقاندا، ئاسماندىن چۈشكەندەك بىر نۇرانە، ئاپ-پاق ساقال بوۋاي ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالام. يول بولسۇن، سەپەر قاياققا؟ — دەپتۇ بوۋاي.

ئەخمەتجان سەپەرگە چىقىشتىكى مەقسىتىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. بوۋاي ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بالىلىرىم، يولۇڭلار خەتەرلىك. يەنە ئۈچ كۈن مەغرىب تەرەپكە ماڭساڭلار بىر قىزىل گۈمبەزگە بارىسىلەر، ئۇ گۈمبەز-نىڭ ئالدىدا چوڭقۇر بىر كۆل بار، دائىم شۇ كۆلدىن سۇ ئىچىدى-غان بىر ئەجدىھا بار. سىلەر گۈمبەزگە كىرىپ ئەجدىھا كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى ئۈچ مىڭ غۇلاچ تاسما تىلىڭلار. يەنە بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن كۇھقاپنىڭ ئاغزىغا بارىسىلەر. ھېلىقى تاسما شۇ ۋاقىتتا لازىم بولىدۇ. ئەجدىھانى ئۆلتۈرسەڭلار دىۋىنىڭ ماكانىغا بارالايسىلەر، بولمىسا بارالمايسىلەر. شۇ ئەجدى-ھا دىۋە كىرىدىغان تۆشۈكنى قوغدىغۇچىدۇر. يولۇڭلارغا ئاق يول تىلەيمەن، — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.



بۇلار سەپەرنى يەنە ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئا-خىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر قىزىل گۈمبەز كۆرۈ-

نۇپتۇ. ئەخمەتجان ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. بىراق دانىش بىلەن باقىش قورقۇپ:

— قايتىپ كېتەيلى، ئەجدىھا يەپ كەتسە نام - نىشانىمىزمۇ قالمايدۇ، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

ئەخمەتجان گۈمبەزنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. راست دېگەندەك، گۈمبەزنىڭ ئالدىدا بىر چوڭ كۆل بار ئىكەن. ئەخمەتجان قورسىقىنى تويدۇرۇپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەجدىھانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كۆلنىڭ سۈيى داۋالغۇشقا باشلاپتۇ. ناھايىتى ئېگىز، بەھەيۋەت بىر مەخلۇق كۆلدىن سۇ ئىچىۋاتقۇدەك. ئەخمەتجان قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ قىلىچىنىڭ بىسىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا توغرىلاپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا دەم تارتىپتۇ. ئەخمەتجان شۇ ھامان ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ئۆزىنى قويۇپ بەرگەنىكەن، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئەجدىھا شۇ ھامان ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

ئەخمەتجان ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن ئۈچ مىڭ غۇلاچ تاسما تىلىپ، ئاكىلىرىنى باشلاپ دېۋلەر ماكانى كۆھىقاپنىڭ ئاغزىغا بېرىپتۇ. تونۇرنىڭ ئاغزىدەك كىچىك بىر كامار، ئىچى قاپقاراڭغۇ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن باقىش بىلەن دانىش قورقۇپ كېتىپ:



— يائاللا، بۇنىڭ ئى-

چىگە كىرگەن ئادەم ساق چىقمايدۇ، بىز كېتىمىز، — دەپ چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ.

— ئاكىلار، مەن چۈشەي، سىلەر مېنىڭ بېلىمگە تاسمىنى باغلاپ كامارغا سېلىڭلار، ئۈچ كۈنگىچە كېلىپ، مۇشۇ تاسمىنى مىدىرلاتسام مېنى بار ئىكەن دەپ تارتىڭلار، ئۈچ كۈندىن كېيىن قالسام ئۆلدى دەپ قايتىپ كېتىڭلار، — دەپ ئاكىلىرى بىلەن خوشلىشىپ، دىۋىلەر ماكانىغا چۈشۈپتۇ.

ئاكىلىرى كامارنىڭ ئاغزىدا تاسمىنىڭ مىدىرلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ يېتىپتۇ. ئەخمەتجان يەر ئاستىغا چۈشۈپ بېلىدىن تاسمىنى يېشىپ ئەتراپقا قاراپ سۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان، ھەرخىل گۈللەر رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن، بۇلبۇللار سايراشقان بىر گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپتۇ. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ باغقا كىرىپتۇ. تاماشا قىلىپ يۈرۈپ خاسىيەتلىك ئالمىنى ئىزدەپتۇ. لېكىن تاپالماپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن يېقىنلا بىر جايدىن ئاۋاز كەپتۇ:

— ھەي يىگىت، جېنىڭىزدىن تويدىڭىزمۇ؟ بۇ جايغا قانداق كەلدىڭىز؟



ئەخمەتجان چۆچۈپ شۇنداق قارىغانىكەن، ئۈچ تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، پەرىزاتتەك چىرايلىق بىرنەچچە قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرغۇدەك. ئەخمەتجان ئۇلارغا سالام بېرىپتۇ.

— باتۇر يىگىت، سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالـ-دىڭىز؟ — دەپتۇ بىر قىز. ئەخمەتجان ئەھۋالىنى بىر قۇر بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن:

— مەن دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، خاسىيەتلىك ئالمىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ.

— ھەي، سىز تېخى كىچىككەنسىز، دىۋە بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، كەينىڭىزگە قايتىڭ، — دەپتۇ ھېلىقى قىز.

— ياق، «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەن گەپ بار. مەن مۇشۇ مەقسەت بىلەن ئالتە ئاي يول يۈردۈم. دىۋىنى يوقاتماي ھەرگىز قايتمايمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. تېز قايتىڭ، دىۋىنى يوقـ-تالمايسىز، — دەپتۇ قىز.

— مەن دىۋىنى يوقاتسام قانداق قىلىسىز؟

— سىز دىۋىنى يوقاتسىڭىز، مەن ئۆزۈمنى سىزگە تەقدىم قىلىمەن.

— سىلەر قانداق قىلىپ بۇ تۆمۈر قەپەسكە سولىنىپ قالـ-دىڭلار؟



قىزلار زار - زار يىغلاپ، دىۋىنىڭ ئۆزلىرىنى مۇشۇ قەپەسنىڭ ئىچىگە سولاپ قويغىنىغا ئىككى يىل بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ

ئەسلىدە پادىشاھلارنىڭ قىزلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئەخمەتجان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزلارغا ناھايىتى ئىچى ئاغرىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، چوقۇم سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ ئىنسان بار جايغا ئېلىپ چىقىمەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت سىزگە. ئەگەر سىز راستىنلا دىۋە بىلەن ئېلىشماقچى بولسىڭىز مۇشۇ يەردىن بىر ئاش پىشىمغىچە يول ماڭغاندىن كېيىن بىر دەريانىڭ كۆۋرۈكىگە بارىسىز، سىز شۇ دەريانىڭ كۆۋرۈكى تېگىگە يوشۇرۇنۇپ ياتسىڭىز، دىۋە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، سىزنىڭ پۇرىقىڭىزنى بىلىپ توختايدۇ. سىز شۇ ۋاقىتتا چىقىپ ئېلىشسىڭىز بولىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭغا يۈزلەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ سېھرىي جادۇسى ناھايىتى جىق، سىز قورقمىسىڭىز يېڭەلەيسىز، خەير، سىزگە ئاق يول تىلەيمىز، — دەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ قىزلار.

ئەخمەتجان كۆۋرۈكنىڭ تېگىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، ھەيۋەتلىك دىۋە كېلىپ كۆۋرۈك ئۈستىدە توختاپتۇ.



— ھەي، بۇ يەردىن ئادەمزات ھىدى كېلىدىغۇ، سەن قانداق جان؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەخمەتجان كۆۋرۈك ئاستىدىن سەكرەپ چىقىپ:

— مەن سەن بىلەن ئېلىشىدىغان جان! — دەپتۇ.

— سەن كىچىك بالا ئىكەنسەن، ھېلى چايناپ چاينىڭ شامىسىدەك پۈركۈۋېتىمەن، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپتۇ دىۋە.

ئەخمەتجان جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئىككىسى شۇنداق جەڭ قىلىپتۇكى، ھەي - ھەي، قىلىچ - قالقانلارنىڭ ئاۋازىدىن جاھان لەرزىگە كەپتۇ. ئاخىرى تەڭ كېلەلمىگەن دىۋە سېھىر قىلىپ بىر قانچە ئەجدىھا پەيدا قىلىپتۇ. ئەخمەتجان ئۇلارنىڭ كاللىسىنى بىر - بىرلەپ ئاپتۇ. ئاخىرى دىۋىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئەخمەتجاننى ئاسمانغا بىر ئاتقانىكەن، ھاۋانىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ. قايتىپ چۈشۈشىدە دەل دىۋىنىڭ كاللىسىغا دەسسەپ چۈشۈپتۇ - دە، دىۋىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— مانا، مەلىكەم، دىۋىنىڭ كاللىسى، — دەپ مەلىكە تولۇن ئاينىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ، — ئەمدى ئۆزىڭىزنى ماڭا تەقدىم قىلغايسىز.

— ئەلۋەتتە، ۋەدەمدىن يانمايمەن، — دەپتۇ قىز.

— بىز ھازىرلا يولغا چىقايلى، ئازراقمۇ كېچىكىپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دەپ قىزغا ۋەقەنى چۈشەندۈرۈپتۇ ئەخمەتجان.



قىزلار ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار باغلارنى ئايلىنىپ ھېلىقى خاسىيەتلىك ئالمىلار-

نى تېپىپتۇ. ئەخمەتجان ئالمىنى ئۈزۈپ قوينىغا سېلىپ، ئۈچ قىزنى ئەگەشتۈرۈپ كەچ بولغاندا كۆھىقاپنىڭ ئاغزىغا كەپتۇ. تاسمىنى مىدىرلىتىپ ئاكىلىرىغا خەۋەر بېرىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاكىلىرى كەتمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن. بىرىنچى قەپەستىكى تولۇن ئاينى چىقىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكىلىرى ھەيران قاپتۇ. قىز ئۇلارغا سالام بېرىپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئارقامدا چىقىدىغان ئۈچ كىشى بار. تاسمىنى سالايلى، — دەپتۇ.

تاسمىنى ساپتۇ. ئىككىنچى قەپەستىكى كۆمۈش ئاينى چىقىرىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا ئالتۇن ئاينى چىقارماقچى بولغانىكەن، قىز ئەخمەتجانغا قاراپ:

— سىز ئالدىمدا چىقىڭ، — دەپتۇ.

— ياق مەلىكەم، مەن سىزنى بۇ يەردە تاشلاپ ئالدىڭىزدا چىقىپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ ئەخمەتجان.

— خەير، ماڭىمۇ قىلدىڭىز، ئۆزىڭىزگىمۇ قىلدىڭىز. ناۋادا پەلەك تەتۈر كېلىپ قالسا مېنى كۆرگەن كۆزىڭىزدە كۆرەرسىز، — دەپ ئىككى دانە بىلەزۈكنى چىقىرىپ يىگىتكە بېرىپتۇ ئالتۇن ئاي. ئەخمەتجان قىزنى تاسمىغا باغلاپ يۇقىرىغا چىقىرىپتۇ.



ئالتۇنئاينى كۆرگەن باقىش بىلەن دانىش ئەقلى-ھوشىدىن ئېزىپتۇ. با-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىش:

— بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن دادىمىزنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟ ناۋادا ئىنىمىز: «ئاكىلىرىم كېرەككە كەلمىدى، ئۈچ دىۋىنى ئۆزۈم يالغۇز ئۆلتۈرۈپ، خاسىيەتلىك ئۈچ ئالمىنى ئۆزۈم تاپتىم» دېسە، شەنىمىزگە سەت ئەمەسمۇ، — دەپتۇ. دانىش:

— ئەلۋەتتە شۇنداق، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ باقىش.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان. ئۇنى تاشلاپ كېتەيلى، — دەپتۇ دانىش.

ئۇلار ئىنىسى ئەخمەتجاننى يەر ئاستىدا قالدۇرۇپ، ئۈچ قىز بىلەن ئۈچ تال ئالمىنى ئېلىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، باقىش بىلەن دانىش ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنى ئوردا خادىملىرى قارشى ئاپتۇ. قارايدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان يوق. پادىشاھ يىغلاپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— مېنىڭ ئەخمەتجېنىم قېنى؟

باقىش بىلەن دانىش كۆرەڭلەپ:

— ئەخمەتجان كىچىك بولغىنى ئۈچۈن دىۋە يەپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىدى، — دەپ



جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ زار - زار يىغلاپتۇ. ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تولۇن ئاي بىلەن كومۇش ئاينى باقىش بىلەن دانىشقا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.

ئالتۇن ئاي تولا يىغلاپ دەردىنى بىر كىشىگە ئېيتماستىن، ئاچچىق يۇتۇپ، ئاجىزلىششقا باشلاپتۇ. ئاخىرى كېسەل بولۇپ-تۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ئۇنى چاقىرتىپ ياتلىق قىلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە رازىلىق بەرمەپتۇ. راست گېپىنى پادىشاھقا ئېيتالماي، زار - زار يىغلاپ ئاخىرى ئەخمەتجان بەرگەن ئۈچ دانە خاسىيەتلىك ئالمىنى پادىشاھقا بېرىپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئىنچىكىلەپ قاراپ ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسىغا ئوخشايدىغانلىقىغا ھەيران بوپتۇ. ئۇنىڭدىن بىرنى قىزغا يېگۈز-گەنىكەن، شۇ ھامان مەلىكىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ كېتىپتۇ. قالغان ئىككىسىنى پادىشاھ ئۆزى يەپتۇ. شۇ ھامان تېتىكلى-شىپ، ياشىرىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك ئالمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۆمرىنى يىگىرمە يىل ئۇزارتىپ-تۇ.



ئەمدى گەپنى ئەخمەت-جاندىن ئاڭلايلى. ئۇ بىر ھەپتىگىچە يەر ئاستىدا يې-تىپتۇ، لېكىن تاسما قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاخىرى جاندىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ زار - زار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىغلاپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ چۈشىگە ھېلىقى خىزىر كىرىپتۇ. خىزىر باش - كۆزىنى سىلاپ: «ئوغلۇم يىغلىما، ئىنشائاللا يەر ئاستىدىن سالامەت قايتىپ چىقىسەن. مۇشۇ يەردىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يەتتە كۈن يول ماڭساڭ بىر ئېگىز تاغقا يېتىپ بارىسەن. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قاراڭغۇ تۆشۈك بار، بۇ تۆشۈك بارغانچە يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئۇ يەر ئۈستىگە چىقىدىغان تۆشۈك. تۆشۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئات باغلاقلىق، ئۇ ئاتنىڭ سول كۆزى كور. ئوڭ كۆزى ساق. ئەگەر سەن ئاتنىڭ كۆر كۆزى تەرەپتىن ماڭساڭ يەر ئۈستىگە چىقىپ كېتەلەيسەن. ساق كۆزى تەرەپتىن ماڭساڭ، ئات مەيدەڭگە بىرنى تېپىدۇ. يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كېتىسەن. خۇدا سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي» دەپتۇ.

ئەخمەتجان ئويغىنىپ قارىسا ھېچكىم يوق. كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ: «يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل دېگەن گەپ بار. ھاياتلىق يولىنى ئىزدەپ باقاي» دەپ، كۈنچىقىش تەرەپكە راۋان بوپتۇ. ئاخىرى ئات باغلاقلىق يەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ خۇشاللىقتا سول تەرەپتىن ماڭدىم دەپ ئوڭ تەرەپتىن مېڭىپ ساپتۇ. ئات مەيدىسىگە بىرنى تەپكەندەكەن، يەتتە قات يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارايدىغان بولسا، بۇ يەر بۈك - باراقسانلىق، ناھايىتى گۈزەل جاي ئىكەن.



ئۇ بېشى قايغان پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ نىشانسىز مېڭىپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ، ئاخىرى باشقا بىر پادىشاھلىققا بېرىپ قاپتۇ. بۇ يەردە نەگە بارسا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنارمىش. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئەخمەتجان بىر كىشىدىن سوراپتۇ:

— بۈگۈن بىرلا ۋاقىتتا بۇ يەردە شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆلدىمۇ؟ بۇ نېمە دېگەن تولا يىغا ئاۋازى؟

— سەن بۇ يەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى ناشتىلىقىغا ئۈچۈن ئون ئادەم، چۈشلۈككە ئون ئادەم، كەچلىككە ئون ئادەم يەيدۇ. بۇنىڭغا پادىشاھمۇ ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن يۇرتىمىزدا ئادەملەر شالاڭلاپ كەتتى. بۈگۈنكى كۆپ يىغىمۇ ئەنە شۇ ئەجدىھاغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ يىغىسى. بۈگۈن پادىشاھنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق قىزىمۇ ئەجدىھاغا يەم بولماقچى، — دەپ ۋەقەنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەخمەتجاننىڭ يۈرىكى ئېزىلىپتۇ، بۇ بىچارىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كەپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، ئەجدىھانى يوقىتىپ غەمدىن خالاس قىلسام خۇش بولامسىز؟ — دەپتۇ.



— ئى جاسارەتلىك يىگىت، پادىشاھلىقىمدا پۇقرالىرىم ئاز قالدى، ئەجدىھانى يوق قىلىشقا مېنىڭ

قۇدرىتىم يەتمىدى. مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق قىزىممۇ بۈگۈن ئەجدىھاغا يەم بولماقچى، ئەگەر سەن ئەجدىھانى يوقىتىپ قىزىمنى قۇتۇلدۇرساڭ، قىزىمنى ساڭا نىكاھلاپ بېرىشتىن تاشقىرى پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئەخمەتجان:

— ماڭا پادىشاھلىقىڭنىڭ كېرىكى يوق. مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، — دەپ يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ.

— ئاۋۋال ئەجدىھانى يوقاتقىن، سېنىڭ تەلىپىڭنىڭ ئامالىنى كېيىن قىلايلى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئەخمەتجان تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، قاڭغىر قاقشاپ تۇرغان بىچارىلەرنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ، ئەجدىھاغا قارشى يولغا چىقىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن ئەجدىھا ئەخمەتجاننى كۆرۈپ دەم تارتىپتۇ. ئەخمەتجان چەبدەسلىك بىلەن ئەجدىھانى چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ ۋە خەلق ئۇنىڭغا باردىكاللا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن مۇنەججىملەرنى يىغىپ بۇ يىگىتنى يەر ئۈستىگە چىقىرىشنىڭ ئامالىنى قىپتۇ. نەتىجىدە بىر قېرى مۇنەججىم:



— كۈن ئولتۇرۇش تەرەپتىكى ئېگىز تاغدا نەسلى كۆپەيمىگەن بىر سۇرمە قۇش بار. ئۇنىڭ باللىرىنى ھەر يىلى بىر ئەجدىھا يەپ كېتىدۇ. كىمدە - كىم شۇ

ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ قۇشنى بالايىئاپەتتىن خالاس قىلالىسا، قۇش شۇ كىشىنىڭ قانداق تەلىپى بولسا ھەل قىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

ئەخمەتجان پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ سۇرمە قۇش ماكانى تەرەپكە راۋان بوپتۇ. بىر ھەپتە مېڭىپ قۇشنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قۇشنىڭ بالىلىرىنىڭ يىغا - نالىسىدىن تاغلار لەرزىگە كەپتۇ. ئەخمەتجان قارىسا، بىر ئەجدىھا تاغقا يامىشىپ قۇشنىڭ بالىلىرىنى يېيىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ بارغانىكەن. ئەخمەتجان يانداپ ئۆتۈپ، ئەجدىھانى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ گۆشىدە قۇشنىڭ بالىلىرىنى بېقىپتۇ. ئانا قۇش ئۇۋىغا چىقىپ كەتكەنىدە-كەن. قۇشنىڭ بالىلىرى ناھايىتى خۇش بوپتۇ.

ئانىسى قايتىپ كەلگەندە قۇش بالىلىرى:

— ئانا ئېيتىڭە، ۋاپاغا جاپا بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق بالىلىرىم، ئەلۋەتتە، ۋاپاغا - ۋاپا، جاپاغا - جاپا، — دەپتۇ ئانىسى. دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قۇش بالىسى:

— مانا بۇ ئادەم بىزگە ۋاپا قىلدى. بۇ كىشىگە سىزمۇ ۋاپا قىلىڭ، — دەپتۇ - دە، قانىتىنىڭ ئاستىدىن ئەخمەتجاننى چى-قىرىپتۇ، ئەخمەتجان قۇشقا ئېگىلىپ سالام قىپتۇ.



قۇشنىڭ بالىلىرى ئانىسىغا ئەھۋالنى تولۇق بايان قىپ-تۇ. قۇش ۋاپا يۈزىسىدىن ئەخمەتجاننى ئۈستىگە مىند-

دۈرۈپ يەر ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇشنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. گۆش بىلەن سۇنى تەييارلاپ ئۈستىگە مىندۈرۈپ «كۆزۈڭنى يۇم» دەپتۇ. ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ... ئۇچۇپتۇ... «گۆش، سۇ» دەپتۇ. گۆش بېرىپتۇ، سۇ بېرىپتۇ، يەنە ئۇچۇپتۇ..... ئۇچۇپتۇ.... «گۆش، سۇ» دەپتۇ، بۇ چاغدا گۆش بىلەن سۇ تۈگەپ قالغانىكەن. ئەخمەتجان ئۆز يوتىسىنى كېسىپ بېرىپتۇ. سۇ ئورنىغا كۆز يېشىنى بېرىپتۇ. ئاخىرى يەر ئۈستىگە سالامەت ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئايرىلىش ۋاقتىدا قۇش:

— بىر سۇ بەردىڭ ناھايىتى ئاچچىق، بىر گۆش بەردىڭ ناھايىتى تاتلىق. بۇنداق تاتلىق گۆشنى تا ھازىرغىچە يېمىگەنىدىم. بۇنداق ئاچچىق سۇنى ھەم ئىچمىگەن، بۇنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

— گۆشىڭىز تۈگىدى، گۆش ئورنىغا سېمىز يوتامنى كېسىپ بەردىم. سۇ ئورنىغا يېشىمنى بەردىم، — دەپ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان يوتىسىنى كۆرسىتىپتۇ ئەخمەتجان.

قۇش ناھايىتى خىجىل بولۇپ ھەم تەسىرلىنىپ قانىتى بىلەن بىر سىيپىغانىكەن، ئەخمەتجاننىڭ پۇتى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. قۇش خوشلىشىش ئالدىدا ئۈچ تال پېيىنى يۇلۇپ بېرىپ:



— بۇنى يۈزۈڭگە سۈرسەڭ تاز بولسەن، بۇنى سۈرسەڭ سەكسەن ياشلىق

قىرىنغا ئۆزگىرىسەن، بۇنى سۇرسەڭ ئەسلىڭگە كېلىسەن، — دەپ ئەخمەتجان بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئەخمەتجان چۈشكەن جايلار سۇلتان خوجامنىڭ تەۋەلىكى بولۇپ، بۇ يەردە پادىشاھنىڭ چارۋىلىرى ئوتلايدىكەن. ئەخمەتجاننىڭ كۆزى پادىچى تازغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي تاز، تېزىڭنى ساقايتىپ قويسام نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ.

— سۇلتان غوجام بەرگەن بىر ئېتىم بار. شۇنى بېرىمەن، — دەپتۇ تاز. ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ پادىچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھېلىقى قۇشنىڭ پېيىنى بىر سۇۋاپ قويغانىكەن، شۇ ھامان تازنىڭ بېشى ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئەخمەتجان پادىچىدىن ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاكىلىرىنى بىر - بىرلەپ سوراپتۇ، پادىچى:

— پادىشاھنىڭ كۆزى ئەخمەتجان دېگەن بالىسىغا تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالدى. پادىشاھنىڭ ئىككى ئوغلى دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ يەنە ئۈچ قىزنى ئولجا ئېلىپ كەپتۇ، ئىككىسى بىردىن ئېلىپ مۇرادىغا يەتتى، — دەپتۇ.

— يەنە بىر قىزچۇ؟



— ئۇ چىرايلىق قىز ھېچكىمگە تەگكىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇ قىز نېمىشقا ئەرگە تەگمەيدىكەن؟

— ئۇنىڭ بىر باتۇر

www.uyghurkitap.com



مۇھەببەتدىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىغا يىغلار ئىمىش.

ئەخمەتجان پۈتۈن ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ناھايىتى بىئارام بوپتۇ. پادىچى بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئالتۇن ئاي زار - زار يىغلاپ ئاشىقى ئەخمەتجاننى تېپىش مەقسىتىدە پادىشاھقا مۇنداق تەلەپ قويۇپتۇ:

— پادىشاھى ئالەم، چوڭ مەيدانغا مىڭ گەز خادا ئورناتسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر داچەن پۇل بېكىتتۈرسىڭىز. كىمدە - كىم شۇ داچەن تۆشۈكىدىن ئوقيا ئوقىنى ئۆتكۈزەلىسە، شۇ كىشىگە مېنى بەرسىڭىز.

قىزنىڭ قارىشىچە، مۇنداق ماھارەت پەقەت ئەخمەتجاندىلا بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. قىز بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن. پادىشاھ بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپتۇ. خادا تىكلىنىپتۇ. قىز دېگەندەك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ جاي - جايلارغا: «شاھ بولسۇن، گاداي بولسۇن، مۇشۇ خادىنىڭ ئۇچىدىكى داچەننىڭ تۆشۈكىدىن ئوقيا ئوقىنى ئۆتكۈزگەن كىشىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ ئالتۇن ئاينى نىكاھلاپ بېرىمەن» دېگەن جاكار چىقىرىلىپتۇ.



شۇ كۈندىن باشلاپ جاي - جايلاردىن مەرگەنلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. پۈتۈن تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن مەلىكە ئېگىز راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مەرگەنلەر

ئاتقان ئوقنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئوق ئۇزۇشكە باشلاپتۇ، مىڭلىغان كىشىلەر ئوقياسىدىن ئوق ئۇزۇپتۇ. ھېچقايسىسى ئۆتكۈزەلمەپتۇ. ئەڭ ئاخىرىسىدا سەكسەن ياشلىق بىر بوۋاي كېلىپ مەلىكىگە قاراپ:

— مەلىكەم ئاشۇ داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن ئوقيا ئوقنى ئۆتكۈزسەم، مېنى قېرى كۆرمەي، ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلالىمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ مەلىكە.

بوۋاي ئوقياسىنى ئانچە قارىلاپ تۇرمايلا ئاتقانىكەن، ئوق داچەن پۇلنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەلىكە خۇشاللىقىدا:

— ئەخمەتجاننى تاپتىم، — دەپ راۋاقتىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ بوۋايغا ئېسىلىپتۇ، بۇنىڭدىن خالايىق ھەيران قاپتۇ. ئەخمەتجان دەرھال بىر تال پەينى يۈزىگە سۈرتۈپ ئۆز ئەسلىگە كەپتۇ. پۈتۈن شەھەر خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئەخمەتجاننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. كۆزىدىن ئايرىلغان پادىشاھ بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپتۇ. ئەخمەتجان قۇشنىڭ پېيىنى دادىسىنىڭ كۆزىگە سۈرگەنىكەن، پادىشاھنىڭ كۆزى ۋاللىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ. باقش بىلەن دانىش غەمگە پېتىپتۇ. ئەخمەتجان ئاكىلىرىغا ئاداۋەت تۇتماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئەخمەتجان بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. ئەخمەتجان بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، باقىش بىلەن دانىشنى توسۇن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئىككىسىنىڭ ئۆلۈكى دەشت - چۆلدە قاپتۇ. جەسىتىنى قاغا - قۇزغۇن يەپتۇ. پادىشاھ ئەخمەتجاننى ئۆز ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ ئالتۇن ئاينى نىكاھلاپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. ئەخمەتجان پادىشاھ بولغاندىن كېيىن يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

چۆچەك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىلقۇتجان ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا مۆھتەرەم بوۋايغا قارىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا تارتىنماي پىكىر قىلىشنى ئىشارەت قىلدى.

— بۇ ناھايىتى ئېسىل چۆچەك ئىكەن، — دېدى بىلقۇتجان قىزغىنلىق بىلەن، — ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم ناھايىتى سىرلىق ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدا ئاق كۆڭۈللۈك، باتۇرلۇق بىلەن ياۋۇزلۇق، قارا نىيەتلىك، نامەردلىك سېلىشتۇرما قىلىنىپ، ناھايىتى چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھ-



مىيەتكە ئىگە بىر ئاكتىپ ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەنىكەن. مەن بۇ-نىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندىم...

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بو-لۇپ:

— بۇ چۆچەكنى ناھايىتى ئىنچام، جايىدا خۇلاسىلىدىڭ. ھازىر سەنمۇ خېلىلا يېتىشىپ قاپسەن. سىرلىق چۆچەكلەر ھەق-قىدە يەنە پۇرسەت بولسا سۆھبەتلىشىپ تۇرارمىز. ۋاقىت ۋە سە-ھىپە ئېتىبارى بىلەن مۇشۇنچىلىك سۆزلەپ بەرسەم، سەن بۇ-نىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دېدى.

— ماقۇل بوۋا! — دېدى بىلقۇتجان قايىل بولۇپ.



www.uyghurkitap.com


كىتاب ئىسمى: بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار، يالقۇن روزى

مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن

لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىليار (رەسسام)
مەخمۇتجان (رەسسام)

نەشرىياتى: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830000

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

باسما زاۋۇتى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 1168 × 850 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 2.5

نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 900511 - 10 - 2

باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تور، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن




# خاسىيەتلىك گۈل

# 神花

# Hasiyatlik gul

01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۇلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گول چامغۇرۋاي
05. ئىككى ھۆرۈن
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۆر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خۇرشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغچا
15. ياغاچ ئات
16. يېرىل تېشىم
17. ھۆنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۆردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋىتى
23. خاسىيەتلىك گۈل
24. بۆلۈنگەننى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ

新疆碧利库特公司开发 شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى

ISBN 978-7-900511-10-2

5796103186

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

价格：240.00 元 (共 30 种类， 单价 8.00 元)

Fiyati: 7,5₺